(ئىچكى ماتېرىيال ، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

# شىنجاڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى

# 新疆民族宗教工作


1-2

1996

(ئومۇمىي 16 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئىشخانىسى تۈزدى

1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# مۇندەرىجە


مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى
— مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ……………… ئىسمايىل ئەھمەد (1)

دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى ……………………… ……………………… ئىسمايىل ئەھمەد (21)

ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى ………… لى دېجۇ (35)

«ئۈچ جۈملە سۆز»نى ئۇزاق مۇددەت ئىزچىللاشتۇرۇپ، 96 - يىلى «ئۈچ ئىش»نى چىڭ تۇتايلى ………… يې شياۋۋېن (52)

يولداش چېن خۇيگۇاڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدىكى خۇلاسە سۆزى ……………… (75)

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1995 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ………………………………… (80)

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1996 - يىللىق خىزمەت پىلانى ………… (89)



شىنجاڭ
مىللەتلەر - دىن خىزمىتى
(ئىچكى ماتېرىيال
دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)
1996 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي 16 - سان)
شۇئۇئار مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى
كومىتېتى ئىشخانىسى تۈزدى
1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، 9 - بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

— مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئىسمائىل ئەھمەد

1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

يولداشلار:

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى داۋامىدا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەش بولماقتا. 1992 - يىلى چاقىرىلغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى 90 - يىللاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ چوڭ فاكىجىنى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى؛ 1994 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتى يىغىنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن يۆنىلىشنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى؛ شۇ يىلى 9 - ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى پائالىيىتىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتەردى. مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇردى؛ ھەر قايسى تارماقلار ماسلىشىپ، پۈتۈن جەمئىيەت يارىيۆلەك بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تۈزۈلۈپ، يار - يۆلەك بولۇش كۈچى ئاشۇرۇلدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرى ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى؛ ئاز سانلىق مىل-

لەتلەر ۋە مىللىي رايونلاردىكى نامراتلىق مەسىلىسى تەدرىجىي ھەل قىلىنىۋاتىدۇ، ئامما نىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆسۈش بولدى؛ ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقتى، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە كېيىنكى ئەسىردىكى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سېلىندى، تەجرىبە توپلاندى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى دېگەندەك تەكشى ئەمەس، چېگرا رايونىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى توغرا مۆلچەرلەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلىشىپ، كۈچكە كۈچ قوشۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان مەزگىلدىكى خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈرەش نىشانى، يېتەكچى فاڭجېنى، ئاساسىي ۋەزىپىسى، ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاساسىي سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېقىندىلا يېپىلغان 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. بۇ كۈرەش نىشانى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى، كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئېلىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى نامايەن قىلىپ بەردى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش، جاسارەت بىلەن يۈكسەلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بەردى. 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ۋە ئەسىر ھالقىشتىكى ھەرىكەت پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش — پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. «پروگرامما»دا بەلگىلەنگەن ئۇلۇغۋار نىشاننى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىغا ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە قويغان تەلىپىگە بىنائەن، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىغا ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پىكىر يولى مۇنداق: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، «پۈرسەتنى تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملە-

كەت خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ۋە بويسۇنۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىككى نىشان (9 ـ بەش يىللىق پىلان، 15 يىللىق كەلگۈسى نىشان)نى ئىككى بۆرۈلۈش (ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ بۆرۈلۈشى)نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ، بۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى، مىللەتلەر قائىدە ـ نىزام سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان زور ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلار قوشۇنى، پەن ـ تېخنىكا خادىملار قوشۇنى، سانائەت ئىشچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش. 2000 ـ يىلغىچە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا ئىككى قاتلاپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەرنى تېخىمۇ ئىتتىپاق، ئىناق، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە قىلىش. 2010 ـ يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا بىر قاتلىغان، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشاتلاشتۇرغان، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن چاغدا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ ئىتتىپاق، ئىناق، ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى ئورتاق گۈللىنىش يولىدا كېڭانت قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىتىش!

ئۆتكەندىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئەسلىسەك، بىزنىڭ 1994 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا بولغان چۈشەنچىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، 9 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى ئۆگىنىش ئارقىسىدا، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ كۆرەش نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق، ھەممىيلەن خۇنەن قاتارلىق جايلار تونۇشتۇرغان تەجرىبىلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئىلھاملاندى. تۆۋەندە مەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان مەزگىلدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى ئۈستىدە بىر نەچچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

**1 . توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش**

باش شۇجى جياڭ زېمىن 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە پۈتۈن پارتىيىدىن، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن «چوقۇم سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش»نى تەلەپ قىلدى. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن پرىنسىپ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا سىياسىي كاپالەت بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. ئۇ: «ئىسلاھات، زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز قوشۇلسا، ئۇنىڭ قۇدرىتى تولىمۇ چوڭ بولىدۇ. قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ تېز يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. مىللەتلەر خىزمىتىدە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. باش شۇجى جياڭ زېمىن «مىللەتلەر، دىنىي ئىشلاردا كىچىك ئىش يوق» دەپ تەكرار - تەكرار تەكىتلىدى، بۇ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يولداشلىرىمىز يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، مۇرەككەپلىكى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلىشى لازىم.

نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت ئالدىدا، مىللەتلەر خىزمىتىدە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ بىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش»نى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قوللاپ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سەزگۈرلۈكىنى ئۆستۈرۈپ، دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى پەرق ئېتىپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا پەرق ئېتىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. خەلق ئىچىدىكى بەزى مەنپەئەتنى تەڭشەش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە، دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىشلاردا يېتەكلەشكە، زىددىيەتنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىش لازىم.

مىللەتلەر خىزمىتىدە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە توغرا سىياسىي مەيداندا ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە قەتئىي تۇردە ئىدىيە، سىياسىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتې-

تى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇش لازىم. بۇ ئەڭ چوڭ سىياسىي، پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئەنە شۇ يەردە. مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلار ئومۇمىيلىق ئىدىيىسىنى، ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشى، پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە سىياسىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغدىشى، ئىدىيىسى، قەدەمى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم. ئاممىۋى لۇشيەن پارتىيىنىڭ تۈپ خىزمەت لۇشيەنى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشى — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىشى. كەڭ خەلق ئاممىسى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتىكى ئاساسلىق كۈچ. ئاممىدىن ئايرىلغاندا، مىللەتلەر خىزمىتى مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەختەك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىز مەسىلىلەرنى ئويلاشتا، ئىش بېجىرىشتە، قارار چىقىرىشتا، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئاممىغا تايىنىشىمىز، ھەقىقىي تۈردە ئاممىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى چىقىش نۇقتا ۋە تۇرغا قىلىشىمىز لازىم. ئىدىيىدە ئاممىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ھېسسىيات جەھەتتە ئاممىغا يېقىن بولۇشنى، ھەرىكەتتە ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈشنى، خىزمەتتە ئاممىغا تايىنىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مىللەتلەر خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەش بولىدۇ، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، مىللەتلەر خىزمىتىدە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە، ماركسىزملىق مىللەت قاراشتا چىڭ تۇرۇش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جان - دىل بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش لازىم.

**2 . مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش**

مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بەلگىلىگەن. ئىناق مىللىي مۇناسىۋەت، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت 9 - بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. يولداش ماۋزېدۇڭ: «دۆلەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بۇ — ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دېگەنىدى. ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن ۋەتەنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ روناق تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ماددىي ئاساسى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. لېكىن، بۇ ئىقتىساد تەرەققىي قىلسىلا، مىللىي مەسىلە تەبىئىي

ھالدا ھەل بولىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان بارلىق ئامىللارنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇلۇغۋار نىشاننى ۋە ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە بۈيۈك ئىگىلىك يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەشۋىق - تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئوبدان ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ئۆتۈشى، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆز ئارا ياردەملىشىشى، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش لازىم. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى يولغا قويۇش، نوپۇسى كۆپ مىللەتلەر نوپۇسى ئاز مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كەڭ قۇرساقلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە مىللەتلەرنى ۋەتەن بۈيۈك ئائىلىسىدە باراۋەر، ئىناق ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك شەخسنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان قىزغىن ھەم گۈزەل مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش پۇقرالارنىڭ قانۇندىكى بۇرچى ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى. ھەر بىر شەخس ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ، لېكىن ئالدى بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە مەنسۇپ؛ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشتە ئالدى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشى كېرەك: دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا، ھەممىدىن مۇھىم. دۆلەت قۇدرەت تاپقان ۋە بىرلىككە كەلگەندىلا، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى بولىدۇ. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر سوتسىيالىستىك ۋەتەن بۈيۈك ئائىلىسىدىلا ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىگە بولالايدۇ، ئورتاق گۈللىنىش يولىغا ماڭالايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش شانلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، ۋەتىنىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان، يېڭى جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى بىرلىكتە قوغدىغان ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ گۈللىنىشىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرگەن. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشى لازىم.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تۈرلۈك جىنايىتى ئېغىر جىنايەتچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ

ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىپ، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى نۇقتىلىق، قا-
راتمىلىقى بولغان هالدا ئوبدان ئىشلەش لازىم. مەسىلەن، شىزاڭ، شىنجاڭ، نىڭشالاردا
مۇقىملىق جەھەتتە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. يېقىندا مەركىزىي
كومىتېت شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى، بۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەل-
يىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي
خەۋپ — مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە دۆ-
لەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەس-
ئۇلىيىتى. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي
تۈردە مەركەزنىڭ تەلپى بويىچە، خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەپ، خەۋپ ـ خەتەرنىمۇ
ئويلاپ، سۆز كەلگىچە تۇغان سىلىشنى ھەقىقىي ئورۇندىشىمىز لازىم.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى
كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش يېڭى
ۋەزىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخ-
شى شەكىل، ئۇنى داۋاملىق قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ھەمدە كەڭ ۋە چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇش
لازىم. ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىر-
لەش يىغىنىدىن كېيىن، ھەر قايسى جايلار، تارماقلار نۇرغۇن ئوبدان تەجرىبىلەرنى يەكۈن-
لەپ ۋە تېپىپ چىقتى، بۇ پائالىيەت يەنە يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە بولدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆ-
كۈمەتلەر رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ماسلاشتۇرۇش ۋە
يېتەكچىلىكنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم. بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، جان-
لىق، خىلمۇ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش كېرەك، مەسىلەن، بەزى جايلار «مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
قى، تەرەققىياتى ئېيى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ھەپتىلىكى»نى يولغا قوي-
غان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى شەكىللەر، ئۇنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈ-
رۈش لازىم، بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ كېتىدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. مۇسابىقە، باھالاش
ۋە تەشۋىقات ئارقىلىق، تىپلارنى تۇتۇپ، ئۈلگىلەرنى تىكلەپ، سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش،
يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىشنى ئوبدان يولغا قويۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
قى، تەرەققىياتى ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، مەدەت بېرىش ۋە قاتنىشىش لازىم. بۇنىڭدىن كې-
يىن، مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىرغاندىن تاشقىرى، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك
ھۆكۈمەتلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى سىستېمىلار، تارماقلارمۇ مەيدانغا كەلگەن
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى
كېرەك. بۇ خىزمەتنى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ دائىملىق ئىزىغا سېلىپ، ئوبدان پىلانلاپ، ئەستا-
يىدىل يولغا قويۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-
چەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ تەرەققىياتى-
دىكى پەرقنى كىچىكلىتىش سىياسەت، تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا پايدىلىق، ئوبدان ئىجتى-
مائىي مۇھىت يارىتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ يېڭى قۇرۇلۇش دولقۇنىنى كۆتۈۋېلىش لازىم.

**3 . ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئەسىر ھالقىشتىكى ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى قەدەم تاشلاش ، ياخشى باشلامچىلىق قىلىش**

ئىتتىپاقلىق بىلەن تەرەققىيات ، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىيات ئىزچىل تۈردە مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئاساسىي تېما . مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك . بىز جەزمەن مىللەتلەر خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت ئىشلىشىمىز ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز لازىم ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ روھىدا مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مول مەزمۇن بار . ئۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

( 1 ) رايونلار ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ، رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش . تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرق كېڭىيىپ قالدى . ستراتېگىيە جەھەتتىن قارىغاندا ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئاۋۋال تەرەققىي قىلىشى ۋە داۋاملىق ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇشى — بۇ ، ئومۇمىيلىق ، ئىچكىرىدىكى جايلار بۇ ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىشى كېرەك . تەرەققىي قىلىپ مەلۇم ۋاقىتقا يەتكەندە ، ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشمۇ ئومۇمىيلىق ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارمۇ بۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى لازىم .

( 2 ) 9 - بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ ، ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ، پەرقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى پەسەيتىشكە پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ھەمدە خىزمەتنىڭ سالمىقىنى تەدرىجىي كۈچەيتىپ ، پەرقنى كىچىكلىتىش يۆنىلىشىگە قاراپ پائال تىرىشىش لازىم .

( 3 ) دۆلەت كۈچلۈك تەدبىر كۆرۈپ ، ئوتتۇرا ، غەربىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ، مىللىي رايونلارنىڭ ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىدۇ . ئاساسلىقى : مەركەز مالىيەسىنىڭ قېلىپلاشقان يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ؛ ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا بايلىق ئېچىش ۋە ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئىچكى ، تاشقى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈش ؛ بايلىق خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى راۋانلاشتۇرۇش ؛ بايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش تىپىدىكى ۋە ئەمگەك مۇجەسسەملەنگەن سانائەتنى پەيدىنپەي ئوتتۇرا ، غەربىي رايونلارغا يۆتكەش لازىم .

( 4 ) شەرقتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان رايونلار سىستېما بويىچە ياردەم بېرىشتەك

خىلمۇ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئوتتۇرا ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ۋە مىللىي رايونلار-نىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ؛ رايونلار ئارا ئۆستۈنلۈكنى ئۆز ئارا تولۇقلاش ، مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇش ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلەشمە پائال يولغا قويۇلىدۇ .

( 5 ) دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئوتتەكلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى ۋە سىياسەت ، تەدبىرلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ ، 2000 ـ يىلغا بارغاندا ھازىرقى يەنىلا نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن ، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىنىدۇ .

يۇقىرىدىكى سىياسەت ، تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىسىدا ، كەلگۈسىدىكى 15 يىل مىللىي رايونلار چوڭ ياخشى پۇرسەتكە دۇچ كېلىدىغان ، تېخىمۇ تېز ، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدىغان 15 يىل بولىدۇ . ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كۈچلۈك بۇرۇچ تۇيغۇسى بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ ، چوڭقۇر تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىش ، ۋاقتىدا ئەھۋال ئىنكاس قىلىش ۋە تەكلىپ بېرىش ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ، تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە قاتنىشىش ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىش ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق ، تىرىشىپ ئۇلۇغۋار پىلاننى گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشى ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم .

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مىللىي رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم . ئىككى قولدا تۇتۇش ، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك . ئىدىيە ، ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، «تۆتكە ئىگە» يۇقىرىلارنى يېتىشتۈرۈشنى تۈپ نىشان قىلىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، كوللېكتىۋىزم ، سوتسىيالىزم ۋە يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھى تەربىيىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيە ، ئەخلاق تەربىيىسىنى ۋە كارخانا ، يېزىلاردىكى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە ، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك . پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش كېرەك . قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ ، مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ، بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ مائارىپ ، مەدەنىيەت ، پەن ـ تېخنىكا ، سەھىيە ، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، مىللەتلەرنى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھالقىلىق سەۋىيىگە ، 21 ـ ئەسىرگە كىرگۈزۈش لازىم .

**4 . ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش**

ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى ، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتىكى مۇھىم فاڭجېن قىلىش كېرەك. مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەملىكىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا جايلاشقان ، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. مىللىي رايونلاردا تەبىئىي ، تارىخىي قاتارلىق كۆپ تەرەپتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەھۋال بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ ، پەقەت ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ ، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ ، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇپ ، نىشانلىق ئوق ئاتقاندىلا ، خىزمىتىمىز تېخىمۇ نەتىجىلىك بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن ئويلاشقاندا ، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئاساسەن مۇنداق ئايرىشقا بولىدۇ:

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى — دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى — دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ، دۆلىتىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. ھازىر ، دۆلىتىمىزدە 156 مىللىي ئاپتونوم جاي ( بەش ئاپتونوم رايون ، 30 ئاپتونوم ئوبلاست ، 121 ئاپتونوم ناھىيە ) بار. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق ئىشلىتىپ ، ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ ، بىر قەدەر مۇكەممەل مىللەتلەر قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە ، مۇكەممەل بولغان قانۇن ، قائىدە - نىزام بەرپا قىلىپ ، قانۇن نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، باراۋەر ، ئىتتىپاق بولغان ، ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئىنتىلىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. ئەسىر ھالقىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ؛ پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ ، تىجارەتنى ، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان ، بىلىم قۇرۇلمىسى

مۇۋاپىق بولغان پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش؛ كەسپىي - تېخنىكا تەربىيىسى ۋە ساپا تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش لازىم. ئاپتونوم جايلار بىلەن دۆلەتنىڭ، ئاپتونومىيىلىك مىللەت بىلەن غەيرىي ئاپتونومىيىلىك مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش لازىم. ئاپتونوم جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئاپتونوم جايلاردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان، ئۇلار ئاپتونوم جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتكە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى. ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆز ئارا ياردەملىشىشى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە جايلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش لازىم. «شەھەرلەردىكى مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى» ۋە «مىللىي يېزىلاردىكى مەمۇرىي خىزمەت نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك. «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، چوڭ شەھەرلەرنى ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنى ئېلىمىزنىڭ سىرتقا مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى نامايەن قىلىدىغان كۆزنىكى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، چوڭ شەھەرلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە بىرلەشتۈرۈپ، سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق راۋاجلىنىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

نامرات رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر نامرات رايونلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى يىراق چېگرا جايلارغا جايلاشقان، قاتنىشى قولايسىز، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى يامان، ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئاساس مۇئەسسەسەلىرى قالاق، نامراتلارنى يۆلەش قىيىنچىلىقى زور، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سۈرئىتى ئاستا، نامراتلىشىش نىسبىتى يۇقىرى. بۇنداق جايلاردا، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت

مەركىزىي ۋەزىپىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇش ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى
نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا قويۇپ ، دۆلەت-
نىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ ، كۈچلۈك
تەدبىرلەرنى كۆرۈپ ، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر نامرات رايونلىرىغا قاراتقان تۈرلۈك
مايىللىق سىياسەتلىرىنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش ؛ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ،
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا « چاڭقىغاندا سۇ بېرىپ » ، پارتىيىنىڭ مېھرى
- شەپقىتى ۋە غەمخورلۇقىنى تۇمەنلىگەن ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىغا يەتكۈزۈش كېرەك .
نامراتلارنى يۆلەش ، نامراتلارغا ياردەم بېرىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن تە-
شەببۇس قىلىپ ، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەدىكىلەرنى تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ ، « ئۈمىد
قۇرۇلۇشى » قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلەش ؛ ھەر مىللەت كادىر
ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ ، جاپاغا چىداپ
ئىگىلىك يارىتىپ ، ئەمگەكچان ئىككى قولى ۋە جاپالىق تەرى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش بەرپا
قىلىش لازىم .

چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى . دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا لېنىيىسى 21
مىڭ كىلومېتىر بولۇپ ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايونلاردا ، يەنە كېلىپ 30 نەچچە مىللەت چېگرا سىرتىدىكى ئوخشاش مىللەت بىلەن قوشنا ،
ئۇلارنىڭ تىلى بىر ، ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش ، بەزىلىرى ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ .
بۇ رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ قانداق بولۇشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ، چېگرا
جايلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك . ھازىرقى ئەھ-
ۋالدىن قارىغاندا ، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا جايلىرى مۇقىم ، چېگرا جايلاردىكى مىللەتلەر ئىتتى-
پاق ، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە لۇشيەنى ۋە سىياسىتىنى قەتئىي
ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ئېلىمىزنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن بول-
غان قوشنىدارچىلىق دوستانە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ رولىنى جارى قىل-
دۇردى . لېكىن بەزى يوشۇرۇن ئاپەتلەرمۇ مەۋجۇت ، ئاساسلىقى سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇ-
رۇش ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر . خەلقئارا دۈشمەن كۈچ-
لەر ئىزچىل تۈردە چېگرا رايونلارنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ ، مەملى-
كەت ئىچىدىكى ۋە چەت ئەللەردە يورۇۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى
قوللاپ ، بەزى چېگرا رايونلاردا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ، تەشۋىقات
ۋەرەقىسى تارقىتىپ ، لوزۇنكا چاپلاپ ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ ، بۆلگۈنچىلىك
جامائەت پىكرى پەيدا قىلىۋاتىدۇ ، ھەتتا ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، پارتىل-
تىشتەك تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بېرى ، ھەر يىلى خېلى
ساندىكى ئەكسىيەتچى كىتاب - ژۇرنال ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى چېگرا ئىچىگە كىرىپ ، كىشى-
لەرنى قايمۇقتۇرۇپ ، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئېغىر
ھالدا بۇزدى . شۇڭا ، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە چېگرا رايوندىكى ھەر مىل-
لەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە-

سى ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلى-
قى ۋە ئىتتىلىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مە-
دەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، چېگرا جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئام-
مىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى تېزدىن ياخشىلاش كېرەك؛ رايون ئۇرنى
ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا ياقىسىنى پائال تۈردە كەڭ ئېچىۋېتىپ، چېگرا جايلار-
نىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەرسىلەرگە
زەربە بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، سېرىق نەرسىلەر، قىمار، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ
چېرىتىشىنى قەتئىي توسۇش، ئەتكەسچىلىك قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە
بېرىش لازىم؛ چېگرا رايونلاردىكى ئارمىيە، ساقچى، خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچلاشتۇ-
رۇپ، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى، ساقچى - خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى-
نى ياخشىلاپ، يىمىرىلمەس چېگرا مۇداپىئە قورغانىنى بىرلىكتە قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە
تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر قايسى جايلار، نامراتلار مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى، تەبىئىي
مۇھىت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەر-
دىن ئۆيلىشىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە خىزمەت فاڭجېنىنى بەلگىلەپ كونكرېت يېتەكچى-
لىكنى كۈچەيتىشە بولىدۇ. مەسىلەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە، قان-
داق قىلىپ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-
تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈش، چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش،
ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش
كېرەك؛ مەركىزىي شەھەرلەر ۋە چوڭراق شەھەرلەردە، قانداق قىلىپ ئاز سانلىق مىللەت پەن-
تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن سودىگەر-
چىلىك قىلىش، كارخانا قۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئېقىپ يۈرگەن ئاھالىگە مۇلازىمەت قى-
لىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىلىرىنى كۆپرەك تەتقىق قىلىش كېرەك؛ دىنغا
ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم سانى كۆپرەك بولغان رايونلاردا قانداق قىلىپ پارتىيىنىڭ مىللەت-
لەر، دىنىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بو-
يىچە كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن ئىزىغا سېلىش، دىنىنى سوتسىيالىزم بىلەن ئۇي-
غۇنلىشىشقا يېتەكلەش مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىش لازىم. قىسقىسى، تۆرگە ئايرىپ
يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى،
تەرەققىياتى ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈش كېرەك.

**5. تىپلارنى تۇتۇپ، ئۈلگە تىكلەپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭى
ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇش**

ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، پارتىيىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ
بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ مول

تەجرىبىسىنى توپلىدى. دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى-
غا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەت-
لەرنىڭ ھىمايىسى ۋە قارارلاشتۇرۇشىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارادا كەڭ ئاب-
روي قازاندى. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى-
مىز. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، توپلانغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توغرا قوللىنىپ،
رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈ-
زۈپ، داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە، خۇ-
نەن، خۇبېي قاتارلىق جايلارنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى ياخشى. ئۇلارنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەت-
چانلىق روھى، چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەش ئۇسلۇبى، نەتىجىلىك خىزمىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ
ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى جانلىق ھاياتىي كۈچكە تولدۇ-
رۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق تەجرىبە
يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى بىزگە مۇنداق ئىلھام بەردى:

— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار چوڭ ـ چوڭ مەسىلى-
لەرنى ئېتىبار بىلەن ھەل قىلغاندىلا، بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ.
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشىغا پارتىيە ۋە دۆلەت يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بې-
رىپ كەلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان شارائىتتا، مىل-
لەتلەر خىزمىتىدە مۇقەررەر ھالدا بىر مۇنچە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ مە-
سىلىلەرنى قانداق قىلىپ توغرا تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قاراش ھەمدە بۇ مە-
سىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ھەقىقىي تۇردە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ مۇھىم ئىش كۈنتەرتىپىگە قو-
يۇپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەش —
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر
خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەركىزىي كومىتېت سىيا-
سىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى
ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا، خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسلىق مەسىلىنى تۇتۇپ،
پۈتۈن ئۆلكىنىڭ كۈچى بىلەن غەربىي خۇنەنگە ياردەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە كەي-
نى ـ كەينىدىن ئۈچ مۇھىم ھۆججەت چىقارغان. خۇبېي ئۆلكىسى بىر ئوبلاستنى يۆلەش ئۈ-
چۈن، بىر ھۆججەتتىلا 38 ماددىلىق سىياسەت، تەدبىر تۈزگەن. ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى ۋە تەدبىرى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاۋاز قوشۇ-
شى ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولغان، ئۆلكىنىڭ يوليورۇقى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقى، تەرەققىياتى ئىشى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، مىللەتلەر
خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلانغان. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلى-
دىكى، خۇددىي زامانىۋىلاشتۇرۇش يولى ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش،
مىللەتلەر خىزمىتىمۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ، يەنە كېلىپ بەزى جەھەتلەردىكى خىز-

مەتنىڭ قىيىنلىقى خېلى چوڭ بولىدۇ. لېكىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ؛ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتقاندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشى جەزمەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئۆسىدۇ.

— ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى دەۋر قىلىپ قانات يايدۇرغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتقىلى، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش — بۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى. مىللەتلەر خىزمىتىدە «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت توپ فاكچىننى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا، ئاندىن مىللىي رايونلاردىكى ئىقتىسادنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. خۇنەندىكى شياڭشى ۋۇلىڭشەن تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي خۇنەندىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇردى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە سىياسىي جەھەتتە تىنچ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، جەمئىيەت مۇقىم بولغان يېڭى مەنزىرە مەيدانغا كەلدى. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئەڭ مۇھىمى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش. زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشان. تەرەققىيات بولمىسا، زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ. جۇڭگودا ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى تەرەققىياتقا يۆلىنىش. ئىسلاھات تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىسلاھاتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. مۇقىملىق ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا ئۇنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرغىلى ۋە ئۇزاققىچە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

— مىللەتلەر خىزمىتىدە ۋەزىپە ئېغىر، قىيىنچىلىق زور، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە پۇختا ئىشلەش ئارقىلىقلا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتى مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە، بىر تەرەپتىن، جايلار، تارماقلارنىڭ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان سىياسەتلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تۈزۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن،

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، مىللەتلەر خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش خىزمىتىدىن ئىبارەت . ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە ئىش پۈتىدۇ ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىسە ساختىلىق بولىدۇ ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىسە بىكىرەك بولىدۇ . خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ۋە ھەر قايسى تارماقلاردىكى يولداشلار مىللىي رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا ئاساسەن ، مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەيدىغان بىر قاتار سىياسەت ، تەدبىرلەرنى تۈزگەن . ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش ۋاڭ ماۋلىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۆزى تۇتۇپ ، مىللىي رايونلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈپ ئەھۋالنى ئىگىلەپ ، سىياسەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن ، تۈرلەرنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە يۇقىرى ، تۆۋەن يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ ، ناھايىتى تېزلا ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ، كادىرلار ۋە ئامما سىياسەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى يەنىمۇ كۆرۈپ ، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاكتىپلىقى مىسلىسىز ئۆرلىگەن . بۇنىڭدىن شۇنداق ئويغا كەلدۇقكى ، پۈتۈن مەملىكەتتىن ئېيتقاندا ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە ، بىر مۇنچە سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ . ئەگەر خۇنەن ئۆلكىسىگە ئوخشاش ئەمەلىيلەشتۈرۈش تۇتۇلسا ، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر خىزمىتى جەزمەن تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ .

— ھەم ئەخلاقلىق ، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان ، تۆھپە يارىتىدىغان ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئاچىدىغان مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا ، مىللەتلەر خىزمىتى «ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش»قا ناھايىتى تېز ماسلىشىدۇ . سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن ، كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل . مىللەتلەر خىزمىتىدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى ، كەسپىي قابىلىيىتى كۈچلۈك ، ئىدىيىۋى قارىشى يېڭى ، ئىسلاھات ئېڭى قويۇق بولغان ، قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كادىرلار قوشۇنى بولۇشى كېرەك . بۇنى جايلارنىڭ تەجرىبىسى ئىسپاتلىدى . خۇنەندىكى شياڭشى ئوبلاستى ۋە خۇبېيدىكى ئېنسى ئوبلاستىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى شۇنىڭ ئۈچۈن پۇختا ، نەتىجىلىك ئىشلەنگەنكى ، ھالقا ئوبلاستلىق پارتكوم ، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ئوبدان رەھبەرلىك بەنزىسى تەيىنلىگەن ، قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان مىللەتلەر ئىشلىرى كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلغان . بۇ قېتىمقى يىغىندا ئېنسى ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەجرىبە تونۇشتۇردى ، ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن ناھايىتى ياخشى ئىكەن ، دەپ قارىدى . بۇنداق تىپلار جايلاردا نۇرغۇن ، مەن ئۇنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرمايمەن . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە ھالقا كادىرلار قوشۇنىدا . كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى يۇقىرى ، ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك

بولسا، مىللىي سىياسەت ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، بولمىسا ئەكسىچە بولىدۇ. شۇڭا، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىغا ئىگە، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ماھىر مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ بۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش لازىم.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى مول. 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە جەزمەن تېخىمۇ كۆپ ئىلغار تىپلار مەيدانغا كېلىدۇ، تېخىمۇ مول تەجرىبىلەر يارىتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. جايلار، تارماقلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ۋاقتىدا كېڭەيتىپ، ئومۇمىي دائىرىدىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىشلىتىش كېرەك. تىپلارنى تۇتۇش، تىپىك تەجرىبىلەر ئارقىلىق خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش نۇقۇل خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسىلا ئەمەس. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تىپلارنى تۇتۇپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشتىكى چوڭ ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئىلغارلاردىن ئۆگىنىشتە، ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. تەشۋىقات ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئىلغار تىپلارنى چۈشىنىش ۋە تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، خۇنەن، خۇبېيلارنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە جايلارنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرى جەزمەن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ جانلىق ھاياتىي كۈچكە تولدۇرىدۇ.

**6. تارماقلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كۈچلۈك بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈش**

تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئېغىر ۋەزىپىنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىش — مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۇزاققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى شەرت بولغان مۇھىم خىزمەت ئۇسۇلى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، مىللەتلەر خىزمىتىگە ھەر قايسى تارماقلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. مەيلى پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى بولسۇن، ياكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بولسۇن، ھەممىسى ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، پائال تۈردە مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇنلىغان نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. شۇنداق دېيىشكە بو-

لىدۇكى ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۇرلۇك ۋەزىپىلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە رايونلارنىڭ ئىنتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ھەر بىر نەتىجىسى ھەر قايسى تارماقلار ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ۋە نۇرغۇن يولداشلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە تەرىدىن بولغان.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشتە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قاتنىشىشى ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىشى بارغانسېرى زۆرۈر بولماقتا . ھەر تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقى ، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى مىللەتلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگۈزۈپ ۋە مەدەت بەرگۈزۈپ ، مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى ، تەرەققىياتى ئىشىغا ئاتلاندۇرۇش ، مىللەتلەر ئىشلىرى تارماقلىرى ماسلاشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىن جارى قىلدۇرۇپ ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. خۇنەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يولداشلار : مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە ، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ماسلاشتۇرۇش فۇنكسىيىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ـ قىلدۇرالماسلىقى يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم ، دەيدۇ. بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق سۆز . ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى بۇ مەسىلىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ماسلاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ ۋە ماھىر بولۇپ ، ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**7 . ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىپ ، خىزمەت ۋاستىسىنى كۈچەيتىپ ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر شەرت يارىتىش**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي ئورنىتىلىشى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت ۋە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا ، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پۇرسەتنى تۇتۇپ ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، خىزمەت يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، « ئىككى تۈپ بۇرۇلۇش »نىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ، مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان مۇلازىمەت قىلىشى لازىم.

مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىشتا ، ئالدى بىلەن ، ماركسىزملىق ئىدىيىۋى ـ نەزەرىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ ، مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى جەزمەن كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى ، تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە جەمئىيەتتىكى ناتوغرا كەيپىياتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ، كادىرلار قوشۇنىمىزدا ئۇنداق ، مۇنداق مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ.

شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىدا جان - دىل بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ۋە مىللىي رايونلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتى تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بېرىلىپ ئوقۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، مىللەتلەر نەزەرىيىسى، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، كەسىپكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش لازىم. نەمۇنىچىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش ئارقىلىق، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش، تىپلارنى تىكلەش كېرەك. پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، نام، مەنپەئەتكە بېرىلمەسلىك لازىم. كەڭ مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرىنى يېتەكلەپ توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قاراش ۋە قىممەت قاراش تىكلەش، ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى، چاكارلىق ئېڭىنى ۋە تۆھپە يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىدا، ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشنى نۇقتىلىق ئورۇندا تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشىنى، سىياسىي - ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. كادىرلار قوشۇنىنىڭ «تۆتلىشىش» فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئەسىر ھالقىيدىغان زور بىر تۈركۈم ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ، مىللەتلەر خىزمىتى ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

تىرىشىپ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى پۇختا، ئەستايىدىل ئورۇندا تۇتۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتىدە چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىش تەلىپى بويىچە، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرى پارتىيە ئىشى بىرىنچى، خەلق مەنپەئەتى بىرىنچى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت ھەر مىللەت ئاممىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاممىنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلىشى، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىرىشى، ئامما بېجىرىشكە مۇھتاج بولغاننى بېجىرىشى؛ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان خىزمەتنى ئورۇندا ئىشلىشى، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن «ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش» بولۇشى كېرەك. مەركەزنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر

خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئاساس قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خىزمەت ۋاستىسىنى چىڭىتىش، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئاساس قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، خىزمەت ۋاستىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «ئويۇن قويۇش ئۈچۈن سەھنە قۇرۇش كېرەك» دېگەن گەپ بار. بۇ سەھنە ئاساس مۇئەسسەسە. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئاساس قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە ئىنتايىن زۆرۈر. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئاساس قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، خۇنەندىكى شياڭشى ئوبلاستى جىشۇ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «شىركەت + دېھقان ئائىلىسى» تەجرىبىسىنى ئەينەك قىلىپ، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، «يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ماسلىشىش، كۆپ تەرەپتىن بىرلىشىش» چارىسىنى قوللىنىپ، ئاساس قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ماسلىشىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، بۇ ئاساس قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ھالقىسى. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئاساس قۇرۇلۇشىنى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، سىياسەت چېكىنى ئىگىلەپ، ئاساس قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىشنى، ئورگانلارنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىپ كارخانا قۇرۇشى، شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا تاپاۋەت تېپىشىدىن پەرقلەندۈرۈپ، دادىل ئىزدىنىشى، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشى لازىم. ئاساس قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، نىشان ۋە پىلان بەلگىلەپ، ھەقىقىي تەدبىر كۆرۈپ، ھەر يىلى يېڭى بىر بالداق ئۆرلەش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. قىسقىسى، مېڭىنى ئىشتا سىلىپ، چارە تېپىپ، خىزمەتنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش لازىم.

يولداشلار! مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق دەۋردە تۇرماقتا، 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مىللەتلەر خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەكدىللىق بىلەن ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، 9- بەش يىللىق پىلاننى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى: ئىسمائىل ئەھمەد

(1996- يىل 1- ئاينىڭ 14- كۈنى)

ئۆتكەن قېتىمقى مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدىن ھازىرغىچە ئىككى يىل ئۆتتى. بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە 8- بەش يىللىق پىلاننى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۆتكەن ئىككى يىلدا گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەركەزنىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇلتۇر گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىكىدە يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ئالمىشىشى بولدى، يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەنلىكتىن، خىزمەتلىرى ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولدى. بۇ يەردە مەن گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن دىنىي خىزمەت ساھەسىدىكى يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

ئۆتكەن ئىككى يىلدا ئېلىمىزدە ئىگىلىك تەرەققىي قىلدى، سىياسىي مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، جەمئىيەت ئىلگىرىلىدى. 8- بەش يىللىق پىلان ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپە مۆددەتتىن ئىلگىرى ئىشقا ئاشتى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. خەلقئارا مىقياسىدىن قارىغاندا، دۇنيانىڭ تىنچ بولۇشى، دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلاندى. خەلق-

ئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت بىزنى ھەقىقەتەن كۆپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان تارىخىي پۇرسەتكە ئە-گە قىلدى، شۇنى بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن خىرىسلارغا دۇچ كەلتۈردى.

پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا تەكشۈرۈپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققى-ياتىنىڭ 9- بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010- يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرى-سىدىكى تەكلىپى» پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوت-سىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت-لىك بولۇشى، خەلقنىڭ بېيىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ - ئا-مان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، XXI ئەسىرگە غەلىبىلىك ھالدا كىرىشنىڭ ئۇلۇغۋار پروگرام-مىسى. بۇ ئۇلۇغۋار پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردە دۇنيانىڭ تۆ-زۈلۈشىدە تۇتىدىغان ئورنىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرىنىڭ يىغىنى پارتىيە 14- نۆ-ۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەركەزنىڭ دىنىي خىزمەت توغرى-سىدىكى يېقىنقى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەت-لەرنى يەكۈنلەپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىدىيىنى بىرلىك-كە كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدىكى دىنىي خىزمەتنى ئوب-دان ئىشلەپ، بۇ ھەقتىكى قەدەمنى پۇختا تاشلاپ، دىنىي خىزمەتنى 5- ئومۇمىي يىغىندا ئوت-تۇرىغا قويۇلغان كۈرەش نىشانى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىل-دۇ. مەن يولداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى 5- ئومۇمىي يىغىن-نىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى سىيا-سەت، فاڭجېنلىرى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دىنىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلەردىكى ئورنىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دەۋر تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دىنىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**1. دىنىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي خىزمەت بىلەن پارتىيە ۋە دۆ-لەتنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم**

5- ئومۇمىي يىغىندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات-نىڭ ئاساسلىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇ-

قىملىقنى ساقلاش » تىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيلىقنى مۇستەھكەم ئىگىلەش، ئىسلاھات، تەرەق-
قىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش تەكىتلەپ كۆر-
سىتىلدى. مۇقىملىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، تەرەققىي قىلىش ۋە ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم مۇقىم بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كې-
رەك. بۇ ئۈچ ئىش بىر - بىرىگە تايىنىدۇ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. بۇ، ئۇزاق مۇددەت
چىڭ تۇرۇش شەرت بولغان ئاساسىي فاكتېر.

تەرەققىيات مەقسەت، قاتتىق داۋلى. جۇڭگونىڭ مەسىلىسىنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقان-
دا، تەرەققىياتقا تايانغاندىلا، ئاندىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. تەرەققىي قىلىش، 9- بەش
يىللىق پىلان ۋە 2010- يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم
پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ئور-
تاق كۈرەش قىلىشىغا تايىنىش لازىم. دىن ئېلىمىزدە يۈز مىليوندىن ئارتۇق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىغا باغلىنىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلى-
دۇ. دىنىي مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى بىر مۇھىم تېما، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش-
نىڭ مۇھىم مەزمۇنى: دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئىتى بىردەك. دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانى-
ۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئې-
تىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئورتاق نىشانى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبا-
رەت ئۇلۇغ ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈش — بۇ، بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى
ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتى-
سى ۋە ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى.

مۇقىملىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇقىم
بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولمايدىكەن، ھېچقانداق ئىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بول-
مايدۇ. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش جەريانىدا، كۆپ ھاللاردا
ئۇنىڭغا چېگىش، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئەگەشكەن ۋە چىرماشقان بولىدۇ، بەزى
زىددىيەتلەر تېخى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر مۇقەررەر ھالدا دىنىي خىز-
مەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ. دەرۋەقە، دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ئاساسلىقى خەلق ئىچىدى-
كى زىددىيەتكە ياتىدۇ. لېكىن دىنىي مەسىلە يەنە مۇئەييەن دائىرىدە سىنىپىي كۈرەش ۋە
خەلقئارادىكى تۈرلۈك مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، خەلق ئىچىدىكى زىددى-
يەت مۇئەييەن شارائىتتا ئانتاگونىك زىددىيەتكە ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئانتاگونىك زىددىيەت بىلەن ئانتاگونىك بولمىغان زىددىيەتلەر كۆپ ھاللاردا گىرەلىشىپ كې-

تىدۇ. خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر ھەمىشە دېگۈدەك دىندىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزگە قا-رىتا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھە-رىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. دۆلىتىمىز ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇقلار دىندىن پايدىلىنىپ ئاممىنى ئالداپ، پارتىيىگە ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ بىخەتەر-لىكىنى بۇزۇش، ۋەتەننى پارچىلاش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، دىن بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەسى ئارىسىدىمۇ كونكرېت مەنپە-ئەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن زىددىيەت ۋە ماجىرالار تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئېغىر ۋەقەلەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇنداق مەسىلىلەر بىر قەدەر گەۋدى-لىك بولۇپ، قىسمەن رايونلاردىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتتى. «چۆقانچىلار»، «ئومۇمىي دائىرىلىك چېركاۋ»، «مۇرىتلار ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق ئەكسىيەتچى، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، «مېكىنى تېز ئىشلىتىش»، «غەلىتە جىنسى ئادەتلەر» قاتارلىق ناچار كىتابلار كەلتۈرۈپ چىقارغان داۋالغۇشلارنىڭ ھەم-مىسى بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. يولداش جياڭ زېمىن «مىللەتلەر، دىنىي ئىشلاردا كىچىك ئىش يوق» دەپ كۆرسەتتى، بۇ سۆز ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئا-ساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ دىنىي جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ يوشۇرۇن خەۋپكە قارىتا سەگەك بولۇشنى، خاتىرجەم شارائىتتىمۇ خەۋپ - خەتەرنى ئەستىن چىقارماسلىقنى تە-لەپ قىلدى. بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھادىسىدىن ماھىيەتنى كۆرۈپ، سۆ كەلگىچە تۇغان تۇتۇپ، ئاددىي چاغدا ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزۈ-شى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چوڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم. بۇ، سىياسىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت، مەركەز سىياسىيغا ئەھ-مىيەت بېرىشنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشمۇ سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسى. دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىش-لەش ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش دىنىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جۇڭگوخۇانى گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر يولى بولۇپ، دىنغا ئىشەن-دىغان ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى ھىمايە قىلى-دۇ. ئىسلاھات ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چې-تىلىدىغان بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىن ئىبارەت ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تۈزۈلمىنى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭ-شەشكە چېتىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتنى ئىبارەت بۇ ئىنقىلاب نۆۋەتتىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەنىكەن، ئۇنىڭ مۇقەررەر ھالدا كۆپ جەھەتلەردىن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى-

نى ئۆزگەرتىپ، ئۇستقۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىنىي ساھەدىكىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان، دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان دىنىي تۈزۈم جەھەتتىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىششى، ھەرگىز يېڭى دەۋردىن چەتلىمەسلىكى، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشماسلىقى شەرت. دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىششىدا، ئەڭ مۇھىمى، دىن مۇخلىسلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى سۆيۈشى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشى، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشى، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

قىسقىسى، دىنىي خىزمەت ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئومۇمىي خىزمەتلەرگە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز دىنىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

**2. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم**

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى پارتىيىمىزنىڭ دىنىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى بولۇپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىنى ساقلاش لازىم. ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى سىياسەت، فاڭجېنلىرى بەلگىلەندى، ئاچقۇچ ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي خىزمەت نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

ھازىرقى دەۋردە دۆلەتنىڭ بىر تۈپ خۇسۇسىيىتى ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، دىنىي ئىشلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش بىلەن زىددىيەتلىك بولماي قالماستىن، بەلكى دەل بۇ سىيا-

سەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ چوڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى قانۇنى كۈچكە ئىگە. ئاساسىي قانۇننىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ناھايىتى ئېنىق. دۆلىتىمىزدە ھەر قانداق تەشكىلات ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى قانۇن ئالدىدا باراۋەر. ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە پۇقرالارغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى قانۇن، ئوخشاشلا دىنىي تەشكىلات ۋە دىنغا ئېتقاد قىلىدىغان پۇقرالارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دېگەنلىك ئاساسىي قانۇن، قانۇن قائىدە - نىزام ۋە سىياسەت بويىچە باشقۇرۇش دېگەنلىكتۇر. گوۋۇيۈەن 1994- يىلى ئېلان قىلغان «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» دىنىي خىزمەت جەھەتتە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان ئىككى يەككە مەمۇرىي قانۇندۇر. نۆۋەتتە بۇ ئىككى قانۇن - بەلگىلىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى، بولۇپمۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاشنى ياخشى ئىشلەشنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى مۇھىم خىزمەت ھېسابلاپ، ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش لازىم.

دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئالدى بىلەن قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇننى بىلىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى لازىم. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئاممىغا قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا قانۇن ۋە سىياسەت يول قويىغان دائىرىدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا، تۈرلۈك قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم.

دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش «نىزام» نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم قەدىمى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ ئاساس خاراكتېرلىك بىر خىزمىتى، ئۇ دىنىي ئىشلارنىڭ نۇرغۇن جەھەتلىرىگە چېتىلىدىغان بولۇپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئىشلەنگەن نۇرغۇن خىزمەتلەر ئاساسىدا، بۇ خىزمەتنى داۋاملىق ھالدا 1996- يىلدىكى مەملىكەت بويىچە دىنىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، سىياسەت جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، بوشاشماستىن ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش لازىم.

دىنىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ھەم ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، ھەم قانۇن بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. قانۇنغا خىلاپ ھادى-

مىسلەرنى تۇتۇشقا ، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش ، ھەرگىز توخۇ يۈرەكلىك قىلماسلىق ، ئورۇنـ
سىز يول قويماسلىق لازىم. قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئارقىلىق ، نۆۋەتتە دىنىي جەھەتتە ساقـ
لىنىۋاتقان بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنغا ئېـ
تىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداپ ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامـ
مىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ
قىلىش لازىم. قالايمىقان ئىبادەتخانا ۋە دىنىي گۇمانىتار مەنزىرە سېلىش ، قالايمىقان بۇت
ياساشنى ، شۇنىڭدەك فېئوداللىق خۇراپىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي توسۇش لازىم. ئالاقىدار
تارماقلارغا ماسلىشىپ ، دىنىي نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان قانۇنسىز ، ئەكسىيەتچى تەشـ
كىلاتلارنى تەكشۈرۈپ مەنئىي قىلىش ، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارـ
غان تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كېرەك. دىندىن پايدىلىنىپ ،
مەمۇرىي ئىشلارغا ، ئەدلىيىگە ، نىكاھقا ، مائارىپقا ئارىلىشىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى
قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش ، چېگرىمىز ئىچىدە دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى
ئېلىپ بارغان دۈشمەن كۈچلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش لازىم.

قاتتىق باشقۇرۇشتا يەنە ئىبادەتخانا ، تەرىقەتچىلەر سۇلۇكخانىسى ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئىگىلەش ، زېرەك بولۇش ، ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش
تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا ، باشقۇرۇش ئاندىن تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ ،
تېخىمۇ ئۈنۈم قازىنالايدۇ ، خىزمەتلەردە ھەمىشە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگىلى
بولىدۇ.

دىنىي خىزمەت تارماقلىرىمۇ قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى ، باشقۇرۇش تەكىتلەنـ
سىلا ، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىـ
قى ، ھەتتا دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىـ
كى لازىم.

دىنىي جەھەتتە قانۇن تۈرغۈزۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش
لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلار تارماقلىرى قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى چوقۇم بۇنىڭدىن كېـ
يىنكى خىزمەتلىرىدە بىر زور ئىش سۈپىتىدە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى ، سوتسىيالىستىك قاـ
نۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن ، دىنىي خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ھەقىقىي
ھالدا ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن تۈرغۈزۈش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ ، دىنىي جەھەتتە
قانۇن تۈرغۈزۈش خىزمىتىنى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلىش لازىم. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ، زۆرۈر بولغان يەككە قاـ
نۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەر قايسى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىـ
ۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ، يەرلىك خاراكتېرلىك
دىنىي قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈشى ، بۇ قانۇنلارنىڭ گۇۋۇيۈەن ئېلان قىلغان قانۇن قائىدـ

لەرگە ئۇيغۇن بولۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم. بەش يىلدىن 15 يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان دىنىي قانۇن - قائىدىلەر سىستېمىسىنى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، دىنىي ساھەدىكى ئىجتىمائىي ئاممۇۋى ئىشلارغا چېتىلىدىغان بارلىق پائالىيەتلەرنى تايىنىدىغان قانۇن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دىنىي خىزمەتلەرنى پەيدىنپەي قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم.

**3. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش، سىڭىپ كىرىشتەك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى توسۇش لازىم**

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇزاقتىچە چىڭ تۇرىدىغان تۈپ فاڭجېن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى. بىز بۇ فاڭجېندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش پرىنسىپى ۋە باراۋەرلىك، دوستلۇق ئاساسىدا، دىنىي جەھەتتىكى سىرتقى دوستلۇق ئالاقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر مۇقەررەر ھالدا دىندىن پايدىلىنىپ بىزگە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرىدۇ. نۆۋەتتە، غەربتىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسى زادىلا ئۆزگەرگىنى يوق، ئۇلار دىنىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىشنى بىزنى «پارچىلاش»، «غەربلەشتۈرۈش» نىڭ بىر بۆسۈش ئېغىزى قىلماقتا. ئۇلار چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى ئاشكارە قوللاپ ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ھەققىدىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ۋاستىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرمەكتە. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى ۋە كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا، چېگرا ئىچىدە بەزى جايلاردىكى قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتلار دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ ھەرىكەتلەر بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى، ھەتتا ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش، ئۇلۇغ ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلىپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغىمۇ بەرھەم بەردى، ئۇلار ئېلىمىزدىكى دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم ھوشيارلىقنى ئۆس-

تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەيدانىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، بارلىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەش قىلىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

سىڭىپ كىرىشنى توسۇش، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇشتا دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئاممىغا تولۇق تايىنىش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تولۇق تايىنىش لازىم. دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئامما ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، چۈنكى ئۇلار شۇنى چوڭقۇر بىلىدۇكى، قۇدرەتلىك ۋەتەن بولغاندىلا، سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسىدە تۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ھالدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولىدۇ، ئاندىن شەخسلەرنىڭ بەخت - سائادىتى بولىدۇ. ھەر بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئالدى بىلەن بىر ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى كېرەك. دۆلىتىمىزدە ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈش بىردەكلىككە ئىگە. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەننى سۆيۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشى لازىم. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ، لېكىن يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى مۇجمەل بولغاچقا، ھەتتا ئۇلار مەيداننى يوقىتىپ قويغاچقا، دۆلەت سىرتىدىكى دىنىي كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ ۋە تىزگىنلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. دىنىي ساھەدىكىلەرگە مىللىي ئىززەت - ھۆرمىتىنى ۋە مىللىي غورۇرىنى كۈچەيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، سىرتقى ئالاقىدە مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنى كونترول قىلىش، ئېلىمىزدىكى دىنىي ئىشلارغا قول سېلىشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم.

سىڭىپ كىرىشنى توسۇپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇشتا، ئاجىز ھالقىلار، نۇقتىلىق رايونلارنىڭ خىزمىتىنى ئالاھىدە كۈچەيتىش لازىم. بولۇپمۇ چېگرا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ دىنىي تەلۋىلىكىنى قوزغىتىش، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، ۋەتەن بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇش ھەمدە ئۇنى قانۇن بويىچە چەكلەش لازىم. ئىسلام دىنىدىكى ھەج قىلىش پائالىيىتىگە قارىتا، ھەر قايسى تارماقلار ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، يوچۇقلارنى ئېتىشى، ساياھەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ھەج قىلىشنى توسۇشى لازىم. مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش،

تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر قايسى رايون ۋە ھەر قايسى تارماقلار سىرتقى ئالاقىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلەت چېگرىسى ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» گە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى لازىم. ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت قاتارلىقلار جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىشنى دىندىن ئايرىۋېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دىنىي جەھەتتىكى تاشقى ئىشلار پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، تاشقى ئىشلار خىزمەت ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلىپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈپ، ھەممىدە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە كەلگۈسى چوڭ پىلانىغا بويسۇنۇشىمىز، ھەرگىز ئازغىنە مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز لازىم.

سىڭىپ كىرىشنى توسۇش، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇشتا، مەسچىت، بۇتخانىلارغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كۈچەيتىش لازىم. ئۆتكەنكى ئەھۋاللار شۇنى كۆرسەتتىكى، بۆلگۈنچى كۈچلەر كۆپ ھاللاردا مەسچىت، بۇتخانىلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان ئورنى قىلدى، ئۇلار مەسچىت، بۇتخانىلارنى تالىشىپ، مەسچىت، بۇتخانىلاردىن پايدىلىنىپ، بىز بىلەن كۈچ سىناشتى، بەزى قانۇنسىز ھەرىكەتلەر مەسچىت، بۇتخانىلاردا باشلاندى. بەزى مەسچىت، بۇتخانىلار يامان ئادەملەرنىڭ پاناھگاھىغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار ياكى مەسچىت، بۇتخانىلارغا يوشۇرۇنۇپ، ياكى دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، خىزمىتىمىزنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى مەسچىت، بۇتخانىلارنىڭ خىزمىتىگە دىققەت قىلىشىمىز، زۆرۈرتېپىلغاندا، ئۇلارنى مۇناسىپ ھالدا تەرتىپكە سېلىشىمىز لازىم. مەسچىت، بۇتخانىلار دۆلەتنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قانۇن - قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن بولۇشى كېرەككى، ھەرگىز دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۆلۈنۈش، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان بازىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ھەر قايسى رايونلار، ھەر قايسى تارماقلار ھەرقايسى جەھەتلەردىكى كۈچلەرنى ئۈنۈملۈك ئۇيۇشتۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى ئەھۋالىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىشى، ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، سىڭىپ كىرىشنى توسۇشى لازىم. دىنىي جەھەتتىكى تاشقى ئىشلار خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**4. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قورۇلۇشىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش لازىم.**

ئىدىيىۋى قورۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر-

لەشتۈرۈپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئىشىنىدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ مەسچىت، بۇتخانىلاردىكى دىنىي پائالىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلارغا بولغان تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇلارنى سوتسىيالىزمنىڭلا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقى، جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندۈرۈش لازىم. كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. بۇ تەربىيىنى بولۇپمۇ ھەر قايسى دىنىي شۆيۈەن، مەكتەپلەردە داۋاملىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، دۆلىتىمىزدە ھەرقانداق ئادەم، ھەر قانداق تەشكىلات، جۈملىدىن ھەرقانداق دىنلارنىڭ ھەممىسى قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىشى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم. ھەر قانداق ئادەم، ھەر قانداق تەشكىلات، جۈملىدىن ھەر قانداق دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشى، مىللىي بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. «تۆتنى قوغداش»نى ئۆلچەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشى لازىم.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. ئۇزاق كەلگۈسى قاراش ۋە رېئال تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇش كېرەك. بۇ يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدە داۋاملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. تولۇق كېڭىشىش ئاساسىدا، دىنىي ساھەدىكىلەرگە ھەمكارلىشىپ، رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلارغا ھەمكارلىشىپ، سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى سۆيىدىغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، شۇنىڭدەك خېلى چوڭقۇر دىنىي بىلىمى بولغان، دىنغا ئىشىنىدىغان ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىيالايدىغان بىر تۈركۈم دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. ھازىر ھەرقايسى دىنلار داۋاملىق ھالدا بىر تۈركۈم ياش دىنىي خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈردى، لېكىن ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ دىنغا ئىشىنىدىغان ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىشى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىش - بېرىلماسلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى مەسچىت، مەدرىسلەردە دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەسچىت، ئىبادەتخانا باشقۇرۇش كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. مەسچىت، ئىبادەتخانا باشقۇرۇش كومىتېتى مەسچىت، بۇتخانىلارنى باشقۇرىدىغان تەشكىلات بولۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەتلىرىگە باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى، مەسچىت، بۇتخانا باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىشى، ھەرگىز

ئىسمى بار ، جىسمى يوق بولۇپ قالماسلىقى ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتمەسلىكى ، يامان ئادەملەر تەرىپىدىن تېزگىنلىنىپ ، پايدىلىنىپ كېتەلمەسلىكى لازىم .

تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ھالدا ياخشىلاش لازىم . ھەرقايسى دىنلاردا ھازىر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بەزى قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرى مەۋجۇت ، بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم سەۋەب مۇكەممەل بولغان قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ كەملىكى . ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تۈرلۈك دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاساسلىندىغان قانۇنىي بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك .

سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش - ھەمكارلىشىش ، ئېتىقاد جەھەتتە بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم . دىنىي زاتلارنى دوست تۇتۇپ ، ئىشلارغا يولۇققاندا كۆپرەك مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش لازىم . ئۇلارنىڭ بەزى كەمچىلىك ، ھەتتا خاتالىقلىرىنى ياخشى نىيەت بىلەن تەنقىد قىلىش لازىم . ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا ياردەم بېرىش كېرەك . خىزمىتىمىز ئارقىلىق ئۇلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدىغان قىلىشىمىز لازىم . تەربىيىمىز ۋە ياردىمىمىز ئارقىلىق ، ئۇلارنى ۋەتەننى سۆيۈش ، دىننى سۆيۈشنىڭ نەمۇنىچىلىرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم .

5 . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش لازىم

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن دىنىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى دىنىي مەسىلىنى كۆپ قېتىم تەتقىق قىلدى ، جياڭ زېمىن ، لى پېڭ ، چياۋ شى ، لى رۇيخۇەن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى ، زور مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا شەخسەن ئۆزلىرى يېتەكچىلىك قىلدى . ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي خىزمەتلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان رەھبىرىي يولداشلارنى بەلگىلەپ ، دىنىي خىزمەتنى ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ ، رەھبەرلىك ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىشى لازىم . ھەرقايسى جايلار شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ، دىنىي خىزمەتنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك . دىنىي خىزمەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار ماركسىزمنىڭ دىن توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە زۆرۈر بولغان دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ، سىياسىي يۆنىلىش ۋە تۈپ پرىنسىپقا چېتىلىدىغان زور مەسىلىلەردە ئىنتايىن سەگەك ۋە قەتئىي بولۇشى ، ئوڭ - سولغا تەۋرەنمەسلىكى لازىم . ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، شۇ يەردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر دىنىي خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلسە ۋە توغرا رەھبەرلىك قىلسا ، شۇ رايوننىڭ دىنىي خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ .

مەن بۇيەردە شۇنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمەنكى، چېگرا جايلاردىكى مىللىي رايونلارنىڭ دىنىي خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. بۇ رايونلاردا دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىمۇ كۆپ، مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلىمۇ كۆپ ھاللاردا گىرەلىشىپ كېتىدۇ؛ بۇ رايونلار شۇنداقلا دۈشمەن كۈچلەر بۆلگۈنچىلىك، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇقتىلىق رايونلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ رايونلارنىڭ دىنىي خىزمىتىگە قارىتا ئالاھىدە سەگەك تونۇشتا بولۇشىمىز، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشتە، دىنىي خىزمەتنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، دائىم ئەھمىيەت بېرىش، باشتىن - ئاياغ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەركىزىي خىزمەت بىلەن دىنىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. شۇنىڭدا قىلچە شەك يوقكى، ھەر قانداق مەزگىلدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىي خىزمەتكىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. دىنىي خىزمەت جەھەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتە، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلىش، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىش، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىش، قىيىن مەسىلىلەرنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىش لازىم. ھەرگىز دىنىي مەسىلە سەزگۈر بولغانلىقى ئۈچۈن ئارسالدى بولۇپ قالماسلىق لازىم، قانۇن - قائىدە، سىياسەتلەر ئەستايىدىل ئىگىلىنىپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، ئۇسۇل ۋە تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىلسىلا، ھەر قانچە قىيىن مەسىلە بولسىمۇ، ئوبدان ھەل قىلغىلى بولىدۇ. خىزمەتنى پۇختا ئىشلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان نەتىجە ھاسىل قىلىش لازىم. ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيەتكە چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىش، بولۇپمۇ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يىغىپ ۋە كېڭەيتىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى دەسلەپكى باسقۇچىدىلا چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، ئۇنى بىخ ھالىتىدە تۈگىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. نۆۋەتتە، ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، بەزى دىنىي خىزمەت تارماقلىرى باشقا ئاپپاراتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، بۇنداق ئاپپاراتلارنىڭ دىنىي خىزمەتنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشىغا بولمايدۇ. ئۆلكىدىن تۆۋەن بولغان يەرلىك ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىدا، دىنىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى دىنىي خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇن كېلىشىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇش لازىم. سىياسىي، خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردە دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە دىنىي خىزمەت كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلى-

رىمۇ خىزمەتلىرى توغرىسىدا پارتكوم ۋە هۆكۈمەتلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات بېرىپ ۋە ئۇلاردىن يوليورۇق سوراپ، پارتكوم ۋە هۆكۈمەتنىڭ رەهبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

دىنىي خىزمەت پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇهىم خىزمىتى بولۇپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە، هەر قايسى تارماقلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ، بىرلىكتە تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، مەن مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى مەخسۇس ئاڭلىشىنى تەكلىپ قىلدىم، بۇنىڭ ئۆز ئارا ئەهۋال ئۇقۇشۇپ، چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىي خىزمەت جەريانىدىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ياخشى هەل قىلىش، ئورتاق ماسلىشىپ دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە ناهايىتى زور ياردىمى بولدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ هەممىسى كونكرېت مەمۇرىي تارماقلارغا ياكى ئورۇنلارغا مەنسۇپ، زاۋۇت، يېزا، مەكتەپ، مەهەللە، ئورگانلارغا مەنسۇپ، شۇڭا هەر قايسى تارماقلار دىنىي خىزمەتلەرنى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى، ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشى، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى هەل قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق تەڭ تۇتۇپ، بىرلىكتە باشقۇرغاندىلا، ئاندىن خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشكە ئەهمىيەت بېرىشى، سىياسىيغا ئەهمىيەت بېرىشى، توغرا كەيپىياتقا ئەهمىيەت بېرىشىنى تەكىتلىدى. كەڭ دىنىي خىزمەت كادىرلىرىدا يۈكسەك كەسىپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى لازىم: ماركسىزمنىڭ دىنىي ئىشلار نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە مەركەزدىكى رەهبىرىي يولداشلارنىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇهىم يوليورۇقلىرىنىڭ روهىنى ئۆگىنىش، شۇنداقلا كەسپىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىش لازىم. ئىستىلدا توغرا، خىزمەتتە تىرىشچان، پاك بولۇش، كەڭ دائىرىلىك دوست تۇتۇش، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روهى بولۇش لازىم. يېڭىدىن خىزمەت ئورنىغا چىققان ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

يولداشلار! دىنىي خىزمەتنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى بېكىتىلدى، هازىرقى ئاچقۇچ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش. بۇ يىل 9 - بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويىدىغان تۇنجى يىل، مەن يولداشلارنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇهىم يوليورۇقلىرىنى هەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىلقى دىنىي خىزمەتنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى دىنىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى باشلامچى بولۇشى، قەدەمنى پۇختا بېسىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

**لى دېجۇ**

(1996- يىل 1- ئاينىڭ 14- كۈنى)

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئېچىلدى. ئالدى بىلەن مەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ۋەكالىتەن، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلاردىن ھەمدە سىلەر ئارقىلىق جايلاردا دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلاردىن سەممىي ھال سورايمەن! بايا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد مۇھىم سۆز قىلدى، بىز ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا، خىزمەت جەريانىدا، ياخشى، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. تۆۋەندە، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر نەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

**بىرىنچى، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە ئالدى بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم.**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دىنىي خىزمەتكە ئەزەلدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى دىنىي خىزمەتتىكى بەزى زور مەسىلىلەرنى كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، نۆۋەتتىكى دىنىي خىزمەت توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدىكى دىن ۋە دىنىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى. دۇنيادا مىللەتلەر، دىنلارنىڭ توقۇنۇشى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان، ھەتتا بەزى دۆلەتلەردە ۋە رايونلاردا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، دۆلىتىمىزدىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان دىنلار ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئىناق ئۆتۈۋاتىدۇ، دىنىي ۋەزىـ

يەت مۇقىم. جايلاردىكى دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن نورمال، ياش، ئوتتۇرا ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنى شەكىللەنمەكتە. كەڭ دىن مۇخلىسلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بىر تۈركۈم ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. بۇ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، شۇنىڭدەك دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز نۆۋەتتىكى دىنىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تولۇق كۆرۈپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولمىغان جايلارنىڭ بارلىقىنى، دىنىي جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئايرىم رايونلاردىكى دىنىي پائالىيەتلەردە بەزى قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرىمۇ مەۋجۇت، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەزى رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزدى، جەمئىيەتتە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلارمۇ بەزىدە يۈز بەردى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەريانىدا باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، باشقۇرۇشنى خالىماسلىق، باشقۇرۇشنى بىلمەسلىك ئەھۋاللىرى ساقلاندى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنمەسلىك ۋە ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىك ئەھۋاللىرىمۇ ساقلاندى. بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ماركسىزمنىڭ دىن توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى قوللىنىپ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە ئىچىدە، پارتىيە ئىچىنىڭ ئاچقۇچى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردا.

**1 . دىنىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دىنىي مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك**

دىن بىر خىل ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بار. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە يەنىلا دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى، ئىجتىمائىي مەنبەسى، ئىدىيىۋى مەنبەسى ۋە تونۇش مەنبەسى بولغانلىقتىن، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يەنىلا تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دىنىي خىزمەت ئىشلەشتە دىنىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە سەل قارىماسلىقىمىز ياكى ئۇنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھەرگىز خىلاپلىق قىلماسلىقىمىز، ھەقىقىي ھالدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دىنىي مەسىلە جەمئىيەتتە ھەرگىز يەككە - يىگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدىكى مەسىلىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بو-

لۇپ، ئۇز ئارا ئەسىر كۆرسەتتى. بىز دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تارىخىي دەۋرىدىكى دىنىنىڭ ئاممىۋىلىقى، مىللىيلىقى، خەلقئارالىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ، دىنىي مەسىلىنى تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى ئىجتىمائىي چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىغا قويۇپ ئويلىشىمىز، ھەرگىز نېمە ئىش بولسا شۇ ئىش ئۈستىدىلا توختالماسلىقىمىز، دىنىنىلا تىلغا ئالماسلىقىمىز لازىم. دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى جەھەتنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك.

دىنىنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى دىنىي خىزمەتنىڭ سىياسىيۋىلىكى، سىياسەتچانلىقى، ئاممىۋىلىقى، نەزەرىيىۋىلىكى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. دىنىي خىزمەت ئەھمىيەتكە، قىممەتكە ئىگە بولۇپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەت تۆيغۇسىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۆرۈلۈش تېپىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىش مەزگىلىدە تۇرماقتا، ئىچكى ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى: خەلقئارادا ئىككى زومگەر ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان ئەھۋال ئاخىرلىشىپ، مىللەت، دىن زىددىيىتى گەۋدىلەندى. مۇشۇنداق ئىچكى - تاشقى ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئېلىمىزدە دىنىي ساھەدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بىر مەسىلە تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنىپ ئايدىڭلاشتۇرۇلماي تۇرۇپ، يەنە بىر مەسىلە ئالدىمىزغا قويۇلماقتا. بىز دىنىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشىمىزنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز، چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى دىنىي مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت مەسىلىسى. خەلق ئىچىدىكى ئىدىيە مەسىلىسى، روھىي دۇنيا مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئاددىي ئۇسۇللار قوللىنىلىپ بىر تەرەپ قىلىنسا، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەكسىچە زىيانلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي مەسىلىگە پەقەت خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى، بىرلىك سەپ ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى شۇ ئۇسۇللار بويىچە ھەل قىلىش لازىم. دىنىي ھەر قانداق مەمۇرىي بۇيرۇق ياكى باشقا مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى بىلەن چەكلەش، ھەتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجىسى پەقەت زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈش، ئۆزىگە ئۆزى ئىش تېرىغانلىق بولىدۇ.

دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ دىنىي خىزمەت كادىرلىرىمىز بىر ئاز تارىخىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، بىر ئاز دىنىي ساۋاتلارنى ئۆگىنىشى، بىر ئاز قانۇن، قائىدە - نىزام ئۆگىنىشى، بىر ئاز دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئۆگىنىشى، ماركسىزملىق دىنىي قاراشنى يېتەكچى قىلىپ، سوت-

سىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى لازىم. دىنىي مەسىلىگە بولغان تو-
نۇش جەھەتتىكى ھەر قانداق ئېغىش ۋە خاتالىق دىنىي خىزمەتلەردە سەۋەنلىكنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ.

**2. دىنىي ئىشلاردا «كىچىك ئىش يوق» دېگەننىڭ چوڭقۇر مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىپ، دى-
نىي خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەش لازىم**

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «مىللەت، دىن ئىشلىرىدا كىچىك ئىش يوق» دېگەننى ئوت-
تۇرىغا قويۇشى دىنىي مەسىلىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ
مۇقىملىقى، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە بولغانلىقى ئۈ-
چۈندۇر. بىز دىنىي خىزمەت ئىشلەشتە قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلق مەنپەئە-
تىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى مىزان قىلى-
دىغانلا بولساق، ئاندىن دىنىي خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىيەلەيمىز.

دىنىي مەسىلە ھەم شەخسىي ئېتىقاد مەسىلىسى، ھەم سىياسىي بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك
مەسىلە. دىن بىلەن ماركسىزم ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، دىندىن كۆپ ھاللاردا چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر پايدىلىنىپ، ئۇنى
دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇش، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى يولغا قويۇشنىڭ
مۇھىم ۋاستىسى ۋە دۆلىتىمىزنى پارچىلاش، «غەربلەشتۈرۈش» نىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ،
سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي مەسى-
لىگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتا، مەسىلىگە سىياسىي جەھەتتىن قاراش كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سابىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ دىنىي مەسىلى-
نى ھەل قىلىشتىكى سەۋەنلىكى ئېچىنىشلىق ساۋاقلارنى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ساۋ-
قى ماركسىزملىق دىن قارىشىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشەنمىگەنلىكى ۋە ئىگىلىمىگەنلىكى،
سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغانلىقى، سىياسەت
تۈزگەن ۋە ئۇنى ئىجرا قىلغاندا ئوڭ ـ سولغا تەۋرەنگەنلىكى، سۈنئىي دۈشمەن پەيدا قى-
لىپ، زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرگەنلىكىدۇر. دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىساد قىيىن
ھالغا چۈشۈپ قالغان، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەن چاغدا، دىن ئوخشاش
بولمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ سىياسىي قالايمىقانچىلىقنى قوزغىتىدىغان قورالى
بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا كومپارتىيىلىرىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىدە ئوت ئۈس-
تىگە ياغ چېچىش رولىنى ئوينىدى.

دىنىي ئىشلاردا كىچىك ئىش يوق، دېگەننىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، دى-
نىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، ئۇ ئەڭ كىچىك مەسىلە بولغان تەقدىردىمۇ، «ئالاھىدە
ئېھتىياتچان بولۇش»، «ئىنتايىن پەخەس بولۇش»، «ئەتراپلىق ئويلىنىش» پوزىتسىيىسىنى
تۇتۇش، ھادىسىدىن ماھىيەتنى بىلىش، كىچىك ئىشنى زورايتىۋەتمەسلىك؛ دىنىي ئىشلار

سەۋەبلىك كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىش لازىم. ئەگەر دىنىي مەسىلە-
نى بىر تەرەپ قىلىش ئۆز ۋاقتىدا ياكى مۇۋاپىق بولمىسا ، بەزى جۇزئىي خاراكتېرلىك مەسىلە-
لەر ھەمىشە دېگۈدەك ئومۇمىيلىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ ، بەزى ئادەتتىكى كۆرۈنگەن مەسىلىلەرنى
كۆپ ھاللاردا بىر نەچچە يىل بەدەل تۆلەش ئارقىلىق تولدۇرغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزدە بۇلتۇر
يىل بېشىدا ۋە يىل ئاخىرىدا يۈز بەرگەن «چوشقا يىلىدا چوشقا ھەققىدىكى قىزىقارلىق گەپ-
لەر مەدەنىيىتى» ، «غەلىتە جىنسى ئادەتلەر» قاتارلىق ۋەقەلەر ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمى-
غان بولسا ،زور ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. تارىخىي تەجرى-
بىلەر بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى ، دىنىي خىزمەتتە كۆپىنچە سۇ كەلمەستە توغان تۇتۇپ ، ئاپەت-
نىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىمكى ، پاسسىپ مۇداپىئە كۆرۈش ، يوچۇق ئېتىش بىلەن چەكلىنىپ قې-
لىشقا بولمايدۇ.

**3 . دىنىي ساھەدىكى «ئوخشاشلىق» بىلەن «ئوخشىماسلىق» نى توغرا تونۇپ ، پارتىيە بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش لازىم**

دۆلىتىمىزدە 100 مىليوندىن ئارتۇق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىسى بار ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق زور
كۆپچىلىكى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلى-
دىغان ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان ئەمگەكچىلەر ، ۋەتەنپەرۋەرلەردۇر.
پارتىيىمىز بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە كې-
ڭەيتىش يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دىنىي سا-
ھەدىكى دوستلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن ، سىياسىي جەھەتتە
ئىتتىپاقلىشىش ، ھەمكارلىشىش ، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش
لازىم ، بۇمۇ بىرلىك سەپ ئىچىدىكى «ئوخشاشلىق» ۋە «ئوخشىماسلىق» مەسىلىسى. سىيا-
سىي جەھەتتە ئوخشاش بولۇش ، ئېتىقاد جەھەتتە ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىش لازىم.
1993 - يىل 1- ئاينىڭ 19- كۈنى يولداش لى رۇيخۇەن مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەش-
كىلاتلار رەھبەرلىرىنىڭ باھار بايرىمى قارشى ئېلىش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ،
بۇ پرىنسىپنى ئىنتايىن مۇپەسسەل قىلىپ مۇنداق بايان قىلدى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-
رۇش ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئورۇنداش بىز بىلەن دىنىي
ساھەدىكى دوستلارنىڭ ئورتاق نىشانى ۋە ئورتاق مەنپەئەتى. بۇ ھەم بىزنىڭ ئارىمىزدا سىيا-
سىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىق ، ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي ، ھەم بىزنىڭ ئېتىقاد
جەھەتتە ئۆز ئارا چۈشىنىش ، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىمىزنىڭ ئاساسى. ئەمەلىيەت شۇنى
ئىسپاتلىدىكى ، سىياسىي جەھەتتە سەمىمىي ئىتتىپاقلاشقان ، ھەمكارلاشقاندىلا ، ئاندىن ئېتى-
قاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ شۇنداقلا ئېتىقاد جەھەتتە
ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلغاندىلا ، ئاندىن سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىق ، ھەمكارلىقنى ئۇنۇم-
لۈك ھالدا مۇستەھكەملىگىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ،

بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. بىز بۇ پرىنسىپنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلساقلا، دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىيەلەيمىز ۋە كېڭەيتەلەيمىز.»

بۇ، پارتىيىمىزنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى ۋە يەكۈنلىنىشى، بىزنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلاردىن دوست تۇتۇپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ بىر مۇھىم پرىنسىپى.

**ئىككىنچى، دىنىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم**

1993 ـ يىل 11 ـ ئايدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە دىنىي خىزمەت ئۈستىدە مۇنداق ئۈچ جۈملە سۆز قىلدى: بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئىككىنچىدىن، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۈچىنچىدىن، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش لازىم. بۇ ئۈچ جۈملە سۆز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلقئارادىكى مۇرەككەپ سىياسىي كۆرەش ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىنىي خىزمەتنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي، سەلبىي جەھەتلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئىلمىي يەكۈنى. ئۇ يىغىنچاق ۋە مەزمۇنلۇق، چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك سۆز بولۇپ، ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بېيىتتى، ئۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. يولداش يې شياۋۋېن يولداش ئىسمائىل ئەھمەدكە خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرگەندە، بۇ ئۈچ جۈملىنى بوشاشتۇرماستىن چىڭ تۇتۇشنى دىنىي خىزمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچى فاڭجېنى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەن بۇنىڭغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن.

**1. ئۈچ جۈملە سۆزنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، دىنىي خىزمەتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئىگىلەش لازىم**

پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ جۈملە سۆز بىر مۇكەممەل گەۋدە بولۇپ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ، ھەم دىنىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، ھەم دىنىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى ۋە يەكۈنلىنىشى بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي مەسىلە، دىنىي خىزمەتكە بولغان تونۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، ئىزچىل ئىجرا قىلىش دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسىي. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى

كۆچەيتىش پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىنىڭ كاپالىتى. دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش بولسا، ئالدىنقى ئىككى جۈملىنىڭ مەقسىتى ۋە ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى.

دۆلىتىمىزدىكى ھەر بىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار، دىنغا ئېتقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار، مەيلى دىنغا ئېتقاد قىلىدىغان پۇقرا بولسۇن ياكى دىنغا ئېتقاد قىلمايدىغان پۇقرا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسىي جەھەتتە باراۋەر بولۇپ، ھەممىسى ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن ئوخشاش ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. پۇقرالار دىنىي ئېتقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك. ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشىگە، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشىغا، دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلار، ئەدلىيە، مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي ئاممىۋى مائارىپقا ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. دېمەك، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزى دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. دىنىي تەشكىلات ۋە مەسچىت، ئىبادەتخانا - چىركاۋلار بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ، ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى ۋە نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ، دىنىي پائالىيەتنى قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەت يولىغا سېلىشى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە مەسچىت، ئىبادەتخانا - چىركاۋلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي ئېتقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش بىلەن قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق دىنىي ئېتقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش تەكىتلەنسە، دىنىي پائالىيەتلەرگە قارىتا مەسئۇل بولماسلىق، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش، ھەتتا دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىش؛ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تەكىتلەنسە، نورمال دىنىي پائالىيەت ياكى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئايرىماي بىراقلا چەكلەش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى خاتا. ھەر قانداق بىر تەرەپنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەش بىر خىل خاھىشنىڭ يەنە بىر خىل خاھىشنى يېپىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت

بۇ دىنىي خىزمەتنىڭ مەقسىتى ۋە ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى ئىگىلەنسە، دىنىي سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش بىلەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، بۇ ئىككىسىنى تېخىمۇ ياخشى بىرلىككە كەلتۈرگىلى، دىنىي خىزمەتنىڭ چوڭ يۆنىلىشى، چوڭ پرىنسىپىنى ئىگىلەپ، دىنىي مەسىلە ۋە دىنىي خىزمەتكە بولغان تونۇش جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، ئۇسۇل جەھەتتىكى ئاددىيلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**2 . دىنىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە مەقسىتىنى توغرا تونۇش لازىم**

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بولسۇن، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بولسۇن، ئۇنىڭ مەقسىتى دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەش. بۇ ھەم نەزەرىيە مەسىلىسى، ھەم ئەمەلىيەت مەسىلىسى. ئەگەر بىزدە نەزەرىيە جەھەتتە توغرا، بىرلىككە كەلگەن تونۇش بولمىسا، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا دىنىي خىزمەتنى ئاڭلىق ھالدا ياخشى ئىشلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

دىنىي جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش بىر خىل ئۇستقۇرۇلما بولغان ئىدىيىۋى ئۇقۇمنى جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتۇر. ھەر قانداق جەمئىيەت، ھەر قانداق دۆلەتتە دىنىنىڭ ئۇيغۇنلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت، ئەگەر ئۇيغۇنلاشمىسا، زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ.

سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىنسانلار تارىخىدىكى باشقا فورماتسىيىگە ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم، ماركسىزم يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئاتېئىزم، دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشالامدۇ - يوق؟ ئېتىقادنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سىياسىي مەيدان جەھەتتىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە توقۇنۇشقا ئېلىپ بارامدۇ - يوق؟ ئېلىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتى بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەردى.

دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىششى دېگىنىمىز دىنىي ساھەدىكىلەردە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ قائىدە، ئۇقۇم، تەشكىل جەھەتلەردە ئۇيغۇنلىشىدىغان ئۆزگىرىش بولۇش دېگەنلىكتۇر. دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەش دېگەنلىك دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

دىن جەمئىيەتتە ئابستراكت ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، ئۇ دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىلار ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا بىر خىل ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىكى دىن كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى دىنىي بىر ئىجتىمائىي سۇبىستانسىيە دەپ قاراش كېرەك. بىزنىڭ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دېگىنىمىزدە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى

قىزغىن سۆيۈشى، سوتسيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىشى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشى، سوتسيالىستىك جەمئىيەتنىڭ قانۇن، قائىدە ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشى، سوتسيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دىنىي تۈزۈم ۋە دىنىي قائىدىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە ۋە دىنىي ئەخلاقتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەرگىز دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ.

دىن بىلەن سوتسيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئۇيغۇنلىشىشىنىڭ سىياسىي ئاساسىي ئورتاق سىياسىي مەقسەت. بىز دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى تاللاشنى سىياسىي پوزىتسىيىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلماسلىقىمىز كېرەك. دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش كىشىلەردە ئوخشاش بولمىغان سىياسىي پوزىتسىيە بولۇشى مۇمكىن؛ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەردە ئوخشاش بولمىغان سىياسىي پوزىتسىيە بولۇشى مۇمكىن؛ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەردە ئوخشاش سىياسىي پوزىتسىيە بولۇشى مۇمكىن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، سوتسيالىزم ھاكىمىيىتى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى، ئەمگەكچى خەلق خوجايىن بولدى. مۇتلەق زور كۆپچىلىك دىنغا ئىشىنىدىغان ئاما ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارمۇ دىنغا ئىشەنمەيدىغان كەڭ ئاممىغا ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئوخشاش سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولدى. سوتسيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش دىنغا ئىشىنىدىغان ۋە ئىشەنمەيدىغان ئاممىنىڭ ئورتاق سىياسىي پوزىتسىيىسى، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش دىنغا ئىشىنىدىغان ۋە ئىشەنمەيدىغان ئاممىنىڭ ئورتاق غايىسى ۋە كۆرەش نىشانىسى. مۇشۇنداق سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ بىردەكلىكى دىن بىلەن سوتسيالىزمنىڭ ئۆز ئارا ئۇيغۇنلىشىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى.

دىن بىلەن سوتسيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىشىنىڭ شەرتى ئىككى تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بىر تەرىپى، جەمئىيەتنىڭ دىننى قانداق تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى؛ يەنە بىر تەرىپى، دىننىڭ ئۆزىنى قانداق تەرتىپكە سېلىپ جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاساسىي قانۇن ۋە تۈرلۈك قانۇنلار ئارقىلىق، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن شەكلى بىلەن كېپىللاشتۇردى ھەمدە پۈتۈن پارتىيە ۋە بارلىق خەلققە ماركسىزملىق دىن قارىشى ۋە دىنىي سىياسەت توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى دىننى توغرا تونۇيدىغان ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان قىلدى. بۇ، دىن بىلەن سوتسيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئۇيغۇنلىشىشىنىڭ شەرتى ۋە كاپالىتى.

بۇ ماسلىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەرىپى دىننىڭ ئۆزىنى تەرتىپكە سېلىشى. دىن كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان، سوتسيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئۇستقۇرۇلما بولغاچقا، ئۇنىڭدا مۇقەررەر ھالدا سوتسيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش جەريانى بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 40 نەچچە يىل پارتىيىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى

ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دىنىي زاتلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئۆزىنى تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان تارىخىي جەريان بولدى. بۇ جەرياندا بىزمۇ، دىنىي ساھەدىكى زاتلارمۇ غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىرىنچى، بىز جۇڭگودىكى خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىنى جاھانگىرلىكنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، چېركاۋلارنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش يولىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېتەكلىدۇق؛ بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىك، ئىسلام دىنىنى دىن ئۈستىدە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش - ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشقا يېتەكلىدۇق. ئىككىنچى، ھەر قايسى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان دىنىي خىزمەتچىلەرگە تۇتقۇزۇلدى، ھەر قايسى دىنلار ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە، ئەقىدىلىرىنى دۆلەتكە، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىغا پايدىلىق قىلىپ شەرھلىدى ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پايدىسىز، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولىدىغان پاسسىپ ئامىللارنى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سالدى ۋە ئۆزگەرتتى. ئۈچىنچى، كەڭ دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ھەممىسى كومپارتىيىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان بولدى. تۆتىنچى، دىنىي تەشكىلاتلار باشقۇرغان جەمئىيەتكە، ئاممىغا پايدىلىق پاراۋانلىق ئىشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ھەر قايسى دىنلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىش جەھەتتە، مەيلى ئاقايىد قۇرۇلۇشى ياكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە بولسۇن، ھەممىسى پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى؛ مەيلى مەنىۋى مەدەنىيەت ياكى ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشتى. مۇشۇ 40 نەچچە يىل ئارقىلىق، ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى، ئىجتىمائىي رولىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باستى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ھەممىلا ساھەدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، شۇنداقلا ھەممە ساھەنىڭ خىزمىتىگە يېڭى تەلەپلەر قويۇلدى. تارىخنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشى تۈپەيلىدىن، ھەمىشە دېگۈدەك كونا زىددىيەتلەر، مەسىلىلەر ھەل بولسا ياكى ھەل بولۇۋاتسا، يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئۇيغۇنلىشىشى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىش، ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت قارىمۇ قارشىلىق

بىرلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر.

نۆۋەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك بىر نەچچە ئىشلاردىن قارىغاندا، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتە، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى داۋاملىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، دىنىي تۈزۈم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش، بىكار قىلىنغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش - ئېكسپىلاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويماسلىق، چېركاۋلارنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن «ئۈچ ئۆز» پرىنسىپى بويىچە ئوبدان باشقۇرۇش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئارقىلىق، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىزمغا پايدىلىق قىلىپ شەرھلەپ ۋە ئىزاھلاپ، دىن مۇخلىسلىرىنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىسىز بولغان پاسسىپ ئامىللارنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش لازىم؛ تۆتىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش - ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر ئەۋلاد پېشقەدەم دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خىزمەتچىلەرنى ئاكتىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىنىي خىزمەتچىلەر ئېغىر ھالدا قىرىلىشىپ كېتىش، ئىز باسارلار كەم بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم.

**ئۈچىنچى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى دىنىي خىزمەتنىڭ بىر تۈرلۈك جىددىي ۋەزىپىسى**

دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئېلىمىزدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قىياپىتىگە، دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىش - ئۇيغۇنلىشالماسلىقىغا، دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈش - مەركەزلەشتۈرەلمەسلىككە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. ئېلىمىزدىكى دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ 80 — 90 پىرسەنتى يېزىلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى نىسبىي ھالدا تۆۋەنرەك، دىنىي ساپاسى يۇقىرى ئەمەس بولغاچقا، ناھايىتى ئاسانلا يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىدۇ. شۇڭا زور مىقداردىكى ھەم سىياسىي ئاڭغا ئىگە، ھەم دىنىي بىلىمى بار دىنىي خىزمەتچىلەر ئارقىلىق ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ئىشلەش تولىمۇ زۆرۈر. دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش دىنىي خىزمەت دۇچ كەلگەن بىر تۈرلۈك جىددىي، ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە.

**1 . دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم**

دۆلىتىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان 100 مىليوندىن ئارتۇق ئامما ئىچىدە، ئاز كەم 300 مىڭ ھەر خىل دىنىي خىزمەتچى بار. ئۇلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ۋەتەننى سۆيىدۇ، دىننى سۆيىدۇ، پارتىيىگە ئىچ سىرىنى بىلدۈرۈپ، ئىشلار ئۈستىدە ھەمكارلىشىدۇ. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دىنىي ساھەدىكى ئايرىم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە زاتلار ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا قويالماي، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلمەي، ھەتتا پارتىيە ۋە دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن يانماي، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بىزنىڭ خىزمىتىمىزدىمۇ دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرلىك زاتلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، سىياسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيىۋى تەربىيىگە سەل قارايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ ھادىسىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشى كېرەك. شىزاڭدىكى چيازا، نىڭشيادىكى مالىبسۇنلەر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. ئۇنىڭ بىرسى دالاي گۇرۇھىنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ۋەتەن بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى؛ بىرىدە دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ئىڭى باش كۆتۈرۈپ، ئۇ قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئاياغ ئاستى قىلدى، خەلق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى. بۇ بىر - ئىككى ئادەمنىڭ مەسىلىسى بولسىمۇ، ئەمما ئىشلىرىمىزغا زىيان سالدى، بۇنىڭ ساۋىقى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولدى. دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە زاتلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، سىياسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، زۆرۈر بولغان تەنقىد ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە سەل قارالسا، بىز بەدەل تۆلەيمىز، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۇسۇپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىسىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، قىسمەن ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشكە نىسبەتەن مۇجمەل تونۇش بار. ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىكتە تارىختا شەكىللەنگەن ھەر قايسى ئىبادەتخانىلاردىكى ئۇستازغا ۋارىسلىق قىلىش تۈپەيلىدىن، شۇنىڭدەك باشقۇرۇشقا ماھىر بولالمىسىلىقتىن، بەزى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا بىزدە ئىدىيە جەھەتتە يېتەرلىك تونۇش بولمىسا، باشقۇرۇش، يېتەكلەشكە دىققەت قىلمىساق، ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلمىساق، دىننىڭ ئۆزىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا، ھەتتا ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يېتىدۇ. نىڭشيانىڭ شىجىي دېگەن يېرىدىكى «جىيخې رىنىي» مەزھىپىنىڭ قورالىق ئۇرۇش قىلىش ۋەقەسىدىكى تايانچلارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى مالىبسۇن ئاچقان «ھەقسىز مەكتەپ» تە تەربىيىلىنىپ چىققان ياش ئاخۇنلاردۇر. شىنجاڭدىكى بىر نەچچە قېتىملىق ۋەقەدىكى تايانچلارمۇ شەخسلەر ئاچقان مەدرىستە تەربىيىلىنىپ چىققان ياش تالىپلار. بۇ مەدرىسىلەردە دىنىي دەرسلەرلا سۆزلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆزلەنمىگەنلىكتىن، تەربىيىلىنىپ چىققان دىنىي خىزمەتچىلەر پارتىيىگە نىسبەتەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلغان. ئېلىمىزدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ۋەتەننى سۆيىدىغان،

دىننى سۆيىدىغان دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ مۇستەھكەم ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى بىر خىل ئەسىر ھالقىيدىغان ستراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئىشلەش لازىم. ئۇلارغا سىياسىي جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈش، بوشاشماستىن، سەۋرچانلىق بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز بوشاشماستىن چىڭ تۇتۇش كېرەك.

**2. دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەشتە ئېنىق نىشان ۋە كۈچلۈك تەدبىر بولۇشى لازىم**

«ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىق، ئىلگىرىلەش» — بۇ، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بارلىق دىنىي ساھەدىكى زاتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى. دىنىي ساھەدىكى خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىشتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى، مەدەنىيەت ساپاسى، دىنىي بىلىمى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ شەرتنى ئىگىلەش كېرەك. ئۇلارنىڭ پارتىيىگە، خەلققە بولغان ھېسسىياتىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى باشلاپ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىدىغان يولغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مەركىزىي سوتسىيالىزم شۆيۈەنىدە ئوندا بەش يىل ئىچىدە ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش سىنىپىدىن بەش قارار ئاچتى، بۇ خىزمەتنى داۋاملىق تۇتماقچىمىز. جايلاردىكى بىرلىك سەپ، دىنىي خىزمەت تارماقلىرى بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ھەر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، تەپسىلىي پىلان ۋە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تۈزۈملەشتۈرۈشى، قېلىپلاشتۇرۇشى لازىم. دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، سۆزلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىش؛ تۈرلۈك تېپىكى كىتاب ئوقۇش سىنىپى، ئۆگىنىش سىنىپىنى ياخشى باشقۇرۇپ، دىنىي خىزمەتچىلەرنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ يېتىشتۈرۈش؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىي شۆيۈەن، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىش، بىر يۈرۈش مۇكەممەل، ئۈنۈملۈك، ھەر قايسى دىنلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش؛ ئوقۇتقۇچى كۈچلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، دەرسلىكنى تاللاش ۋە تۈزۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سىياسەت ۋە قانۇن - قائىدە تەربىيىسى جەھەتلەردە زۆرۈر دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەدەت بېرىش لازىم. بەزى چەت - ياقا رايونلاردىكى دىنىي زاتلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش

لازىم. ئادەم تەربىيىلەش مەسىلىسىدە ئىقتىسادىي ھېسابىنىلا قىلماي، سىياسىي ھېسابىنىمۇ قى-
لىش لازىم. پۇل خەجلەشكە تېگىشلىك جايلاردا پۇلنى ئايىماسلىق لازىم، ئادەتتىكى چاغلار-
دا پۇلنى ئاز خەجلىسە. ئاسادىيى يۈز بەرگەن دىنىي ئىشلار سەۋەبلىك كۆپ پۇل خەجلەش،
زور كۈچ سەرپ قىلىشتىكى پاسسىپ ۋەزىيەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، بىر مەقسەتلىك ھالدا، ھەر قايسى دىنلار ئۈچۈن
بىر تۈركۈم پارتىيىمىز بىلەن بىر نىيەتتە بولىدىغان، پارتىيىمىزگە سىر بېرىدىغان تايانچىلارنى
يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم. بىزدە مۇشۇنداق ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دىنىي خىزمەتچىلەر قو-
شۇنى بولغاندا، دىنىي جەھەتتىكى مەسىلىلەر بىر قەدەر ياخشى ھەل بولىدۇ. دىنىي خىزمەت-
نى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ.

**ئۈتىنچى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دىنىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزى-**
**يەت يارىتىش لازىم**

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەزەلدىن پارتىيىمىزنىڭ ئەھۋال ئىگىلەش، سىياسەت تۈزۈشتى-
كى مۇھىم ئاساسىي، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي خىزمەت ئۇسۇلى. نۆۋەتتە ئوت-
تۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، باش شۇجى جياڭ زې-
مىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ جۈملە سۆز» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممى-
سىگە ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى تەتبىقلاپ، ئۇنى دى-
نىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۇختىلىق بىلەن چوڭقۇرلىتىپ، بىر ئاز نەزەرىيە،
سىياسەت خاراكتېرلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيىۋى ـ نەزەرىيە سەۋىيىمىزنى ئۆستۈ-
رۈپ، توغرا، ئۈنۈملۈك خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ،
دىنىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

**1. ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش لازىم**

مەركەزنىڭ 1982- يىلىدىكى 19- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ تارقىتىلغىنىغا ھازىر 14 يىل بول-
دى، مەركەزنىڭ 1991- يىلىدىكى 6- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ تارقىتىلغىنىمۇ بەش يىل بول-
دى. ھازىر ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، دىنىي ساھەدە نۇر-
غۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆتكەندە بىز بەزى مەسىلىلەرنى پىشى-
شىق بىلگەن، ئۇنىڭغا دەۋرنىڭ تامغىسى ئېنىق بېسىلغان بولسىمۇ، ئۇنى قايتىدىن بىلىشىمىز-
گە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىمىزنىڭ دەرىجىسى
يۇقىرىراق بولۇشى، نەزەر دائىرىمىز كەڭرەك بولۇشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سالمىقى
زورراق بولۇشى، تونۇشىمىز چوڭقۇرراق بولۇشى لازىم. دىنىي خىزمەتنى ئىچكى ـ تاشقى
تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ ئويلىنىشىمىز كې-
رەك.

خەلقئارا چوڭ مۇھىتنى قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ پار-
چىلىنىشى 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە خاتى-
مە بەردى، ئىلگىرى بار بولغان سىياسىي كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى، دىنىي مەسىلىنى

گەۋدىلەندۈردى ، بۇ مەسىلە بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ دۆلەت ۋە رايونلارنى
چىرمىۋېلىشى ، ئېلىمىزدىكى دىنىي مەسىلىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان-
دىن بۇيانقى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سوتسىيا-
لىستىك دۆلەتلەرگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتىكى قورالىنىڭ بىرى دىن بولدى ، ئۇلار دىنىنى يەر
ئاستى سىياسىي كۈچلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى ۋاستە ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى پار-
چىلاشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلاھات ، ئې-
چىۋېتىشقا ئەگىشىپ ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزگە دىنىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى
جىددىيلەشتۈردى. ئامېرىكا بۇددا دىنى تاكتىكا تەتقىقات ئورنى ، ئامېرىكا خوپكىنسون دا-
شۆسى خەلقئارا ئىشلار تەتقىقات ئاپپاراتى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات دوكلاتلىرىدا ئامېرىكىنىڭ
دىنىنى «ئالدىنقى قورال» قىلىپ ، جۇڭگوغا ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ
قىلدى. دۆلىتىمىز ئەتراپىدىكى ۋە قوشنا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى سابىق دىن تەرغىباتچىلىرى ،
پانئىسلامىزم قاتارلىق كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىمۇ ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم مىللىي رايونلارغا
تەسىر كۆرسەتتى. بۇ كۈچلەرنىڭ كېڭىيىش شەكلى ۋە ئۇسۇلى ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ دۆلىتىمىز-
دىكى قىسمەن رايونلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى بىز دىققـ-
قەت قىلىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان تېما بولۇشى كېرەك.

دۆلىتىمىزدىكى ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى مۇھىتنى قارىغاندا ، ئىسلاھات ،
ئېچىۋېتىش ھازىرقى دەۋرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر مەيدان چوڭقۇر ئىنقىلاب بولۇپ ، ئۇ
خېلى كەڭ دائىرىلىك قاتلامدا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى مەنپەئەتنىڭ چوڭقۇر
قاتلىمىغا تاقىلىدۇ ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ۋە قايتىدىن تەشكىللىنىشنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، بۇ مۇقەررەر ھالدا دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە تەسىر كۆرسـ-
تىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە بولغان تەسىر-
نى ـ تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. دىنىي ساھەدىكى تاشقى ئالاقىنىڭ بارغانسېرى كې-
ڭىيىۋاتقانلىقىنى ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزگە سى-
ڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان شارائىتتا ، ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ يولۇقۇش
ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى ، شۇنىڭدەك دىنىنى باشقۇرۇش يۆنىلىشى ، ئىدىيە ، تەشكىل ،
ئىقتىساد جەھەتلەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىشىمىز ھەم شۇ
ئاساستا خىزمەتلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىنكى مەملىكەت بويىچە تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۆزلىنىشىدىن قارىغاندا ،
پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان 9- بەش يىللىق
پىلان ۋە 2010- يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دۆلىتىمىزدىكى ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ. دىنىي خىزمەت
جەريانىدا ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش ، دىنغا
ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇشنى تەتقىق
قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

بىرلىك سەپنىڭ يېڭى تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ مەۋقەنى چوڭ قۇرۇلۇقتا قويۇپ، سىرتقا يۈزلىنىدۇ ھەمدە شۇ ئاساسىدا ئىككى دائىرىدىكى ئىتتىپاقتا كېڭىيىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بارلىق ئەمگەكچىلەر، ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەركىب تاپقان، سوتسىيالىزمنى سىياسىي ئاساس قىلغان ئىتتىپاق؛ بىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكنى قوغداشنى سىياسىي ئاساس قىلغان ئىتتىپاق. بۇ ئىككى ئىتتىپاقنى مۇنداق ئۈچ چەمبەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ، يەنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇق دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ۋەتەننىڭ تىنچ يوللار بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى ھىمايە قىلىشنى ئاساس قىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى قېرىنداشلار بىلەن تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىكى قېرىنداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بۇ ئۈچ چەمبەرنىڭ بىرسى بىرسىدىن كەڭ، بىرسى بىرسىدىن زور بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ چەمبەر. دىن بىزنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار بىلەن ئالاقىلىشىشىمىز، ئىتتىپاقلىشىشىمىزدىكى بىر مۇھىم يول. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى قانات يايدۇرۇش شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ تىنچ مۇقىم ھالدا ئۆتۈشى، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش، تەيۋەن مۇستەقىللىقىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دىنىي خىزمەت بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىزنىڭ دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەقسىتىمىز بارلىق پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بارلىق پايدىلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشقا سېلىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە بىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىمىز كونا يولدا مېڭىۋەرمەي، كونا مۇقامغا توۋلاۋەرمەي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى، مەسىلىلەرنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلىرى ئارقىلىق كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

**2. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قولايلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم**

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا دىنىي خىزمەتنى

يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 3- يەسلىدە پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلارغا بىر قېتىم دوكلات قىلىشنى قولغا كەل-تۈرىدۇ ھەمدە بىر ھۆججەت شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدا مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنى ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە، مۇن-داق تۆت يىغىننى ياخشى ئاچماقچىمىز. بىرى، زاڭزۇلار نوپۇسى بويىچە بۇددا دىنى خىزمىتى توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنى. بەنچەننىڭ ئەۋلاد ئالمىشىشى تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان-چىلىك ياخشى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دىنىي قائىدە ۋە تارىختا بېكى-تىلگەن تۈزۈمگە ئاساسەن، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، بىر يۈرۈش «زاڭزۇلار نوپۇسى بو-يىچە بۇددا دىنىدىكى چوڭ كېگەننىڭ ئەۋلاد ئالمىشىش چارىسى» نى تەتقىق قىلىپ، تەرتىپ تۈزىتىپ، دالاي گۇرۇھىنىڭ قول تىقىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا توسىمىز. ئىككىنچىسى، «غەربىي شىمال بويىچە ئىسلام دىنى سۆھبەت يىغىنى» ئېچىپ، قانداق قىلىپ غەربىي شىمال رايونىنىڭ دىنىي ساھەدىكى مۇقىملىقنى قوغداپ، گۇرۇھلار تالاش-تارتىشى-نى تۈگىتىپ، دىنىي تۈزۈم جەھەتتىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداپ، مۇسۇلمانلار ئامىمىسىنى ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدۇرۇشنى تەتقىق قىلىمىز. ئۈچىنچى، «كاتولىك دىنىنىڭ يەر ئاستى كۈچلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەش سۆھبەت يىغىنى» ئېچىپ، يېقىنقى يىللار-دىن بۇيان كاتولىك دىنىنىڭ يەر ئاستى كۈچلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەش مەسىلىسى ھەققىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئالماشتۇرۇپ، بەزى ياخشى چارىلەرنى كېڭەيتىمىز، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك رايونلار قەدەممۇ قەدەم بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، يەر ئاستى كۈچلەر مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىشى لازىم. تۆتىنچى، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توسۇش مەسىلە-سى سۆھبەت يىغىنى ئاچىمىز.

قىسقىسى، بۇ يىلقى ۋەزىپە مۇشەققەتلىك، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، جايلاردىكى دىنىي خىزمەت كادىرلىرى شۇ يەردىكى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاكتىپلىق بى-لەن قولغا كەلتۈرۈشى، رەھبەرلىككە دىنىي خىزمەت ھەققىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات بېرىپ، رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىغا ئېرىشىشى لازىم.

يولداشلار! 1996- يىل 9- بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويۇش باشلانغان يىل، 15 يىل-لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدىغان يىل. بۇ يىلقى دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدا، 5- ئومۇمىي يى-غىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆرەش نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەملىكەت بويىچە جايلاردىكى دىنىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى كە-سىپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىشنى ياخشى باشلاپ، قەدەمنى پۇختا تاشلاپ، دىنىي خىزمەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# « ئۈچ جۈملە سۆز »نى ئۇزاق مۇددەت ئىزچىللاشتۇرۇپ ، 96 - يىلى « ئۈچ ئىش »نى چىڭ تۇتايلى

گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

## يې شياۋۋېن

( 1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى )

1996 - يىلى « 9 - بەش يىللىق پىلان» باشلانغان يىل ، 15 يىللىق كۆرەش نىشانىغا
ئۇل سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يىل . بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارە باش-
لىقلىرى يىغىنى پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەر-
كەزنىڭ يېقىندىكى دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، خىز-
مەتلەرنى خۇلاسىلەپ ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ ، مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ، ئىدىيىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، 96 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، باشلىنىش يىلى ، ئۇل سې-
لىش يىلىدا « 9 بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق دى-
نىي خىزمەت ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش ھاسىل قىلىپ ، مەزمۇت قەدەم تاشلاشنى مەقسەت قىلى-
دۇ .

دىنىي مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ، ئېلىمىز سوت-
سىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم بىر تېما ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىر
مۇھىم مەزمۇن . دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت ، گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى فاڭجېن ،
سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئېلىمىزنىڭ
ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجى-
لىرىگە دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارنىڭ جاپالىق ئەجرىسى ۋە قان - تەرى
سىڭگەن . مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىغا ۋەكالىتەن ،
دىنىي خىزمەت سېپىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئېغىرچىلىق ۋە جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستى-
گە ئېلىپ ، ئۇن - تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان كەڭ كادىرلارغا ئالىي ئېھتىيام بىلدۈرىمەن ، دىنىي
خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ۋە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ، ھۆكۈمەت-
لەرگە ۋە دىنىي خىزمەتكە مەدەت بېرىۋاتقان ئالاقىدار تارماقلارغا سەمىمىي رەخمەت ئېيتىمەن !

مەن ھازىر گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىغا ۋەكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بېرى-

مەن ، جەمئىي ئۈچ قىسىم.

**ئىككى يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە**

كۆز ئالدىمىزدا ئېلىمىزنىڭ دىنىي خىزمەت ۋەزىيىتى ئومۇمەن ياخشى ، دىنىي ساھەسىدى-
كىلەر مۇقىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن دىنىي مەسىلىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ
كەلدى ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى دىنىي خىزمەتنى كۆپ قېتىم
مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر
دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى ، ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار ھەمكارلىقنى
كۈچەيتتى ، « دىنىي ئىشلاردا كىچىك ئىش يوق » دېگەن ئىدىيە ئورتاق تونۇشقا ئايلاندى ،
دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش ، كۆڭۈل بۆلۈش ۋەزىيىتى ھەممە يەردە ئوخشاش شەكىللىنى-
ۋاتىدۇ. دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، سوتسىيالىزم
ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن يېڭى
تۆھپە قوشتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى دىنىي خىزمەت تارماقلىرى پارتىيىنىڭ دىنىي
سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈ-
چەيتىپ ، دىنىي خىزمەتنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ ، تۈر-
لۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى.

( 1 ) دىنغا ئائىت قانۇن - نىزاملار ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىنىپ ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ،
دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلدى ، دىنىي خىزمەتنى
قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1994 - يىلى 1 - ئايدا گوۋۇيۈەن 144 - ، 145 - نۇ-
مۇرلۇق بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىمىزدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ
دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە »نى ۋە « دىنىي پائالىيەت سورۇن-
لىرىنى باشقۇرۇش نىزامى »نى چۈشۈردى. بىز بۇ ھۆججەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قى-
لىش ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق ، ھەمدە « دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تى-
زىملاش چارىسى »نى تۈزۈپ چىقتۇق. 1994 - يىل 8 - ئايدا ۋېيخەيدە بۇ دىنغا ئائىت ئىككى
قانۇن - نىزامنى ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تى-
زىملاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. جايلار تىزىملاش خىزمىتىنى دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويى-
چە كۈچەيتىشتىكى مەۋقە ۋە مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، « نىزام »نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىي قەدەم-
باسقۇچى قىلىپ چىڭ تۇتۇپ ، پائال ئىلگىرى سۈرۈپ ، روشەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

( 2 ) ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ ، دىنىي ساھەدە مۇقىملىقنى ساقلاش ، پارتىيىنىڭ دىنىي
ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى ، تەدبىر قوللىنىپ ، دىنىي ساھە-
سىدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش ۋەقەلىرى قەتئىي توسۇلدى ،
دىنىي ئۆي - مۈلۈكلەر سىياسىتىدىكى قېپقالغان مەسىلىلەر داۋاملىق ھەل قىلىنىپ ئەمەلىيلەش-
تۈرۈلدى ، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بى-
لەن شۇغۇللىنىشقا زەربە بېرىلدى ۋە توسۇلدى ، كاتولىك دىنى يەر ئاستى كۈچلىرىنى ھەر
تەرەپلىمە تەرتىپكە سېلىش داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىپ ، « چوقانچىلار مەزھىپى » ، « تەختكە چىقىش

رىلغۇچى» ۋە «مۇرىتلار جەمئىيىتى» قاتارلىق ئەكسىيەتچى، قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا زەربە
بېرىلدى، ئالدانغان ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى.
ئىسلام دىنى جەھەرىيە مەزھىپى ئىچكى قىسمىدىكى تىغ كۆتۈرۈش مەسىلىسى ھەل قىلىندى،
ناچار كىتابلار كەلتۈرۈپ چىقارغان پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى ئاياق ـ ئاستى قى-
لىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان يامان سۈپەتلىك ئىشلار ماس-
لىشىپ بىر تەرەپ قىلىندى، جەمئىيەتتە كېلىپ چىققان قالايمىقان ھالدا مەسچىت، چېركاۋ،
بۇتخانا سالدىغان، تالا ـ تۈزگە بۇت قاتۇرۇۋالىدىغان مەسىلىلەرنى ئالاقىدار تارماقلار بى-
لەن كېڭىشىش ئارقىلىق ۋاقتىدا ھۆججەت چۈشۈرۈپ توسۇش تەلەپ قىلىندى، دىنىي مەسىلى-
لەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى زىددىيەت ۋە ماجىرالار يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ماسلىشىش
ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىندى.

(3) دىنىي زاتلارغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە كۈچەيتىلدى.
كۆپ شەكىل ئارقىلىق «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىسلام دىنى زاتلىرى، زاكۇنلار بويىچە دىنى گۇ-
گەنلىرى ۋە يېقىنقى ئاز سانلىق مىللەت رايونى خرىستىئان دىنى مىسسىئونېرلار ئېكسكۇرسىيە
ئۆمىكى تەشكىللىنىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى. تۆرلۈك تىپتىكى ئوتتۇرا
ياش، ياش دىنىي زاتلار كۇرسى ئېچىلىپ، ئەمەلىي ساقلانغان ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلى-
رىگە قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. دۇنيا فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش ۋە
جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائا-
لىيىتىدە ھەر قايسى دىنلار بىرلىشىپ ماسلىشىپ تىنچلىق ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش پائالى-
يىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1994 ـ يىلى شەندۈڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيخەيدە دىنىي شۆيۈەن ـ مەكتەپلەر
خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، دىنىي شۆيۈەن ـ مەكتەپلەر ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمى-
تى قاتارلىق ئاساسلىق مەسىلىلەردە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، دىنىي شۆيۈەن ـ مەك-
تەپلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا ھۆججەت يېزىپ چىقىلدى.

(4) دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش خىزمىتى ئىش-
لەندى. جايلاردىكى دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە دىنىي ساھەسىدىكىلەر ئاكتىپلىق بىلەن
سۆھبەت يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ «ماسلاشتۇرۇش» مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدەن-
دى. دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش، مائارىپقا ياردەم بې-
رىش، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتلەردە ئىل-
ھاملاندۇرۇپ، پائال يېتەكلەپ، نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ياخ-
شى باھاسىغا ئېرىشتى. مۇخلىسلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى را-
ۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ياردەم بېرىپ ئۈنۈم ھا-
سىل قىلدى.

(5) دىنىي جەھەتتىكى تاشقى دوستلۇق ئالاقە ئىشلىرى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ،
چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىنىلىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش، سىڭىپ كى-

رىش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇردۇق ۋە توسدۇق. خەلقئارا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىدىكى بەزى ئاتاقلىق دىنىي زاتلارنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدۇق. خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق كۆرىشىگە ماسلىشىپ، ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى دىن مەسىلىسى توغرىسىدا ئالاھىدە دوكلات بەرگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا قاتناشتۇق. تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەلقئارادىكى بەزى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇق. بۇلار ئاكتىپ تەسىر قوزغىدى. بىرما، تايلاند ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، بۇت چىشى، بۇت قولى، سارىرانى بىرما، تايلاندقا ئاپىرىپ تەقدىم قىلىپ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق. جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «جۇڭگو، كورىيە، ياپونىيە 3 دۆلەت بۇددا دىنى دوستلۇق ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئاچتۇق. يىغىنغا قاتناشقانلار يولداش جياڭ زېمىن، لى رويخۇەننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى، جۇڭگو، كورىيە، ياپونىيە بۇددا دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گوۋۇيۈەننىڭ 144 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، قانۇن بويىچە چېگرا سىرتىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ كۆپ قېتىم دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدە قانۇنسىز ھالدا دىن تارقىتىش، ئۆز ئالدىغا چەت ئەلدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى توسدۇق. كېڭەيتىش ئارقىلىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئىشخانىسى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى «دىندىكى تاشقى ئىشلارنى ئۆز تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش، تەستىقلاش ھوقۇقى چەكلىمىسىگە ئائىت بەلگىلىمە»نى چۈشۈردى. ئۆتكەن يىلى دۆلىتىمىزدە 4 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى يىغىنى ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى مۇھاكىمە مۇنبىرى ئېچىلغاندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەركەزگە تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق دۇنيا ئاياللار يىغىنى جۇڭگو تەشكىلىي ھەيئىتىگە ماسلىشىپ دىنغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلدۇق، دۇنيا ئاياللار يىغىنىنىڭ تولۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتۇق. خەلقئارا چوڭ تىپتىكى يىغىنلاردىكى دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەجرىبە ھاسىل قىلدۇق. يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يېتەكچىلىك، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى ئارقىلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «ئۆز خىراجىتى بىلەن ھەج قىلىش مەسىلىسىگە ئائىت بەلگىلىمە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى چۈشۈرۈپ، ھەج قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئىزىغا سالدۇق.

(6) شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ماسلىشىپ پەنچەن بالا ۋارىسىنى ئىزدەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنى ۋە 10 ـ ئەۋلاد پەنچەن بالا ۋارىسىنىڭ چەك تارتىش، بىتىك پۈتۈش، تەختكە ئولتۇرغۇزۇش خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇق. بۇ خىزمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشى يېڭى جۇڭگو زاڭزۇلار بۇددا دىنى بۈيۈك گېگەنلىرىنىڭ ئالمىششى ئۈچۈن قائىدە تۇرغۇزۇپ بەردى، دالاي گۇرۇھىنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى، شىزاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تە-

رەققىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ تەسىر قوزغىدى.

(7) كۆز ئالدىمىزدا دىن جەھەتتە ساقلانغان بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. ئىككى يىلدىن بۇيان ئايرىم - ئايرىم ھالدا غەربىي شىمالدىكى ئىسلام دىنىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر، كاتولىك دىنى يەر ئاستى كۈچلىرىنى تۈزەش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللار، قانۇنسىز تەشكىلات «مۇرىتلار جەمئىيىتى» مەسىلىسى، شىزاڭ زاڭزۇلار بۇددا دىنى خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردۇق. ئۇندىن باشقا گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى گوۋۇيۈەن تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە، بىر قىسىم ئۆلكە (شەھەر، رايون) لاردىكى دىنىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان تەدبىرلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەشكىللىدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يەرلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي خىزمەتكە بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلدى.

(8) باشقا تەرەپتىكى خىزمەتلەردىمۇ مەلۇم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلدى. دىنىي ئۈچۈر خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈچۈر تورلىرى قۇرۇلدى. «جۇڭگودىكى دىنلار ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك ئەھۋالى» قاتارلىق ماتېرىياللار بېسىپ چىقىلدى، دىنىي جەھەتتە سىرتقا قارىتا تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلدى، دىن تەتقىقاتى مەركىزى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. «جۇڭگودىكى دىنلار» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى قۇرۇلدى. كادىر تەربىيەلەش مەركىزىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىمۇ ئىشلىنىۋاتىدۇ.

يېقىنقى ئىككى يىللىق خىزمەتلەرنى ئەسلىسەك مەركەزنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، روشەن نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىراق، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز لازىمكى، دىن جەھەتتىكى ۋە دىنىي خىزمەتتە يەنىلا سەل قارىغىلى بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بەزى مەسىلىلەر ئىنتايىن ئېغىر. خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر دىن مەسىلىسىنى بىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش» ۋە «پارچىلاش» ئېلىپ بېرىشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىۋاتىدۇ، سىياسەتچىلىك، ئىقتىسادىي سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئازراق پايدا بېرىپ ئالداپ، سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ؛ چېگرا ئىچىدە يەر ئاستى كۈچلىرىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن مەسچىت، چېركاۋ، بۇتخانىلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىۋاتىدۇ. دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بەزى ئەكسىيەتچى، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ قىلمىشلىرى غالجىرلاشقان بولۇپ، بىر قىسىم رايونلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر دىندىن پايدىلىنىپ ئىش چېقىرىۋاتىدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھادىسىلىرى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا ھەتتا ئاللىقاچان قالدۇرۇلغان دىنىي فېئودال-

لىق ئىمتىياز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا دىنىي ھەرىكەتلەر قالايمىقان بولۇپ
مەزھەپلەر ئارا تىرىكىشىش بولۇۋاتىدۇ. قالايمىقان ھالدا مەسچىت، چىركاۋ، بۇتخانا، گۇ-
مانتار كۆرۈنۈش ياساش، قالايمىقان ھالدا ئىلاھ ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇش شامىلى چىقىپ فېئو-
داللىق، خۇراپاتلىق يامراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىيا-
ستىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ بەزى گەۋدى-
لىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا. دىنىي جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قى-
لىش مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ،
باشقا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بەزى
جايلاردا پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇقى دەخلى تەرۇزگە ئۇچراۋاتىدۇ، مەس-
چىت، چىركاۋ، بۇتخانىلاردىكى قانۇنىي مەنپەئەت دەخلى تەرۇزگە ئۇچراۋاتىدۇ، دىنىي تە-
شكىلاتلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە كاشىلا قىلىنىۋاتىدۇ، قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئۆي ـ
مۈلۈكلەر ئۇزاق مۇددەتكىچە قايتۇرۇلمايۋاتىدۇ. بىر مەزگىلدىن بۇيان، تونۇش بىرلىككە
كەلمىگەنلىكتىن، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ سالمىقى دېگەندەك بولمايۋا-
تىدۇ، قانۇن بويىچە ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش چارىلىرى ئاز. بەزى كادىرلارنىڭ
سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەمچىل، سىياسەتنى ئۇقمايدۇ، دىنىنى بىل-
مەيدۇ، ئاممىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنمەيدۇ، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىيەلمەيدۇ. ھەتتا بەزىلەر
قالايمىقان ھالدا مەسچىت، چىركاۋ، بۇتخانا قۇرۇش، ئىلاھ ھەيكىلى تۇرغۇزۇشقا مەدەت
بېرىپ، دىن قىزغىنلىقىنى قوزغىتىلەۋاتىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇ-
لۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى مەسىلىلەر خېلى كۆپ، دىنىي كەسىپ بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغانلارنىڭ ئىز باسار مەسىلىسىدىكى سىرىقتاللىق زىددىيەت گەۋدىلىك. بىر قىسىم
رايونلارنىڭ دىنىي خىزمەت ئاپپاراتلىرى ئاجىز، دىنىي خىزمەت كادىرلىرى كەمچىل، كۆز ئال-
دىمىزدىكى ۋەزىپىگە ماسلىشالمايدۇ.

دىنىي مەسىلىنى كۆزەتكەندە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ھەممە ئەھۋالنى ھېسابقا ئې-
لىش بەك ئېھتىياجلىق؛ دىنىي خىزمەتنى تەكشۈرگەندە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمغا ئەھمىيەت
بېرىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بەك ئېھتىياجلىق. بىز ھەم كۆز ئالدىمىزدىكى دىنىي
جەھەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمەن ياخشى ئىكەنلىكىنى، خىزمەتتە نەتىجە بارلىقىنى تولۇق مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ھەم ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تولۇق ھەم سوغۇققانلىق بى-
لەن كۆرۈشىمىز لازىم. دىنىي ئىشلاردا كىچىك ئىش يوق. دىنىي مەسىلە سىياسىيلىقى، سىيا-
سەتچانلىقى، ئاممىۋىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت، ئۇنى بىر تەرەپ قىلغاندا سىياسىي كۆز
قاراش، سىياسەت كۆز قارىشى ۋە ئاممىۋى كۆز قاراش بولۇشى لازىم. دىنىي مەسىلىگە لې-
نىن كۆرسەتكەندەك «ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇش» ۋە «ئەتراپلىق ئويلاش» پوزىتسىيىسىنى
تۇتۇش لازىم، ئازراقلا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن، جەمئىيەت-
نىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چوڭ ۋەزىيە-
تىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز

يەكۈنلەپ ، دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ كىچىككىنە بەلگىسىنى
كۆرۈپلا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ ، سۇ كەلگىچە توغان تۇتۇپ ، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇ-
شىمىز ، دىنىي ساھەنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ ، دىنىي خىزمەتنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەسىر
ئالمىشىدىغان چاغدا پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ ، مىللەتلەرنىڭ
گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم .

**«ئۈچ جۈملە سۆز»نى ئۇزاق مۇددەت ئىزچىللاشتۇرۇش**

باش شۇجى جياڭ زېمىن 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يى-
غىنىدا نۇقتىلىق ھالدا مىللەتلەر ـ دىنىي خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا سۆزلىدى . ئۇ دى-
نىي مەسىلىدە ئۈچ جۈملە سۆزگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەشنى كۆرسەتتى : 1 . پارتىيىنىڭ
دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ، 2 . قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلارنى
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ، 3 . دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش .
يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ، يولداش لى دېجو بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇنقى سۆزىدە بۇ ئۈچ
جۈملە سۆزنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى قاتتىق تەكىتلىدى . ھەم شەرھلەپ ئۆتتى . دى-
نىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئۈچ جۈملە سۆزنى چوقۇم ئۇزاق مۇددەت ئىزچىللاشتۇ-
رۇشىمىز لازىم .

( 1 ) ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ مول مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئىگىلەش .

11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دىنىي خىزمەت جەھەتتە ئىككى مۇھىم ھۆججەت ئېلان قىلدى . بى-
رى ، 1982 ـ يىلدىكى 19 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ، يەنە بىرى ، 1991 ـ يىلدىكى 6 ـ نومۇرلۇق
ھۆججەت . بۇ ئىككى ھۆججەت ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بىر قاتار يوليورۇقلى-
رىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق دىنىي زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئىنتى-
پاقلاشتى ، دىنىي جەھەتتىكى مۇقىملىق ساقلاپ قېلىندى . ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، يې-
ڭى تارىخىي دەۋردە پارتىيىمىز ماركسىزملىق دىن كۆز قارىشىنى جۇڭگونىڭ دىنىي جەھەتتىكى
ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، دىنىي مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى
ئاساسىي كۆز قاراش ۋە ئاساسىي سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈردى ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە
ئىگە بولغان دىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىكى توغرا يولنى ئاچتى . ھەمدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى . ئۈچ جۈملە
سۆزنىڭ تۈپ روھى ئىككى ھۆججەت ۋە يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى مەركەزنىڭ دىنىي
خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا يەنىمۇ تەكىتلەندى . باش شۇجى جياڭ زېمىن 1993 ـ
يىلدىكى سۆزىدە ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ ، بۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى بىر گەۋدىگە يىغىن-
چاقلاپ ، ئۈچ جۈملە سۆزنى تەكىتلەشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى . پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى-
نىڭ روھىي ماھىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىدى . دىنىي خىزمەتتە چوقۇم ئىگىلەشكە تې-
گىشلىك دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بەردى . دىنىي خىزمەتتە چوقۇم چىڭ
تۇرۇشقا تېگىشلىك چوڭ پرىنسىپ ، چوڭ يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى .

ئۈچ جۈملە سۆز ئىنتايىن باي مەزمۇنغا ئىگە. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى سىياسەت، قانۇن - نىزام مەھكىمىسى 30 ماددىلىق مۇھىم سىياسەت نۇقتىلىرىنى يىغىپ چىقتى. يولداشلار ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلغان، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بېسىپ تارقىتىلدى. بۇندىن كېيىن دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارنىڭ «داۋاملىق ئوقۇيدىغان قوللانمىسى»، «چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك ABC» قىلىشى كېرەك.

ھازىر مەن ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى يولداشلارنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتىمەن.

**پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا.** دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىش جەريانى بولىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە يەنىلا ئۇزاق مۇددەتلىككە، مۇرەككەپلىككە، ئاممىۋىلىققا، مىللىيلىققا ۋە خەلقئارالىققا ئىگە بولىدۇ. مىللەتلەر - دىنىي ئىشلاردا كىچىك ئىش يوق. دىنىي مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم بىر تېما، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۈپ سىياسىتى، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، دىنغا ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، دۆلەت دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش، دىن بىلەن مائارىپنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ. مۇستەقىل ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدا دىنىي جەھەتتىكى دوستانە بېرىپ - كېلىش مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارالىق دوستانە بېرىش - كېلىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم چەت ئەل دىنىي دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى قەتئىي توسۇش، سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتىمىز ۋە مەۋقەيىمىز. دىنغا ئىشىنىدىغان، دىنغا ئىشەنمەيدىغان بارلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ۋە كۈچىنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيەلەش ياش ۋەتەنپەرۋەر بىر ئەۋلاد دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكتىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسەتنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولغىنى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يەنە بىر قاتار كونكرېت سىياسەت بەلگىلىمىلىرى بار.

**دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش توغرىسىدا.** دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇنى قارىمۇ - قارشىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئالاقىدار قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇش، مەمۇرىي جەھەتتە باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت. قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش

ئۇچۇندۇر. بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە تىزىملاپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلار دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى لازىم، بۇ خىزمەت چوقۇم كۈچەيتىلىشى، ئاجىزلاشتۇرۇلماسلىقى لازىم. باشقۇرماي تاشلىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ بارلىق جىنايى قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. سىياسەتنى چوقۇم ئوبدان ئىگىلەش، دىنىي جەھەتتىكى خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. دىنىي مەسىلە چوڭ مەندىن ئېيتقاندا، مىللىي مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلىنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش ھەمدە توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھۆكۈمەت دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت بويىچە ئىش قىلىش، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى يولغا قويۇشى، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. دىن جەھەتتىكى قانۇن - نىزام سىستېمىسى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دىنىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دىنىي خىزمەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي تەشكىلاتلار دىنىي خىزمەتكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىپ، مەسئۇل بولۇپ زىچ ماسلىشىش كېرەك.

دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش توغرىسىدا. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتىكى مەقسەت دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتىن ئىبارەت. دىن مۇخلىسلىرى سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدۇ، تۈپ مەنپەئەت جەھەتتە چوقۇم مەملىكەت خەلقى بىلەن ئوخشاش. بۇ دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشىدىكى تۈپ سىياسىي ئاساس. دىن چوقۇم قانۇن دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم. چوقۇم دۆلەتنى ھىمايە قىلىشنى ئەڭ تۈپ ھەرىكەت نىزامى قىلىشى كېرەك. دىنىي ساھەدىكىلەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىش جەھەتتە داۋاملىق ئالغا بېسىشى، ئارقىغا چېكىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. دىنىي ساھەدىكىلەرنى دىنىدىكى بەزى ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇشقا، بەزى پاسسىپ ئامىللارنى يېڭىشكە يېتەكلەش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پائال قاتناشتۇرۇش لازىم.

(2) ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۈچ جۈملە سۆزى ئوتتۇرىسىدا ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىچكى مۇناسىۋەت بار. دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش بىلەن دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش — بۇ ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا سىياسەت نۇقتىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم نۇقتىسىدىن شەرھلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى پۈتۈنلەي بىردەك. ئۇنىڭ يادروسى دىنىي

مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇنغا ئۇيغۇن بولغانلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى تو-
سۇش، قانۇنغا خىلاپلىرىغا زەبەر بېرىشتىن ئىبارەت. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇ-
رۇشنىڭ جەريانى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ جەر-
يانىدۇر. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش ئەمەس، دىنغا ئائىت قانۇن،
قانۇن - نىزاملار دىنىي سىياسەتنىڭ تۈزۈملەشكەنلىكى، قانۇنلاشقانلىقىدىن ئىبارەت. قانۇن
بويىچە باشقۇرۇش مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. مەيلى دىنىي سىياسەتنى ئومۇم-
يۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش بولسۇن، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بولسۇن،
ھەممىسىنىڭ مەقسىتى دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت.
سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىش، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇيغۇنلىشىشقا ئەھمىيەت بې-
رىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ جۈملە سۆز بىر پرىنسىپنى گەۋدىلەندۈردى. يەنى پارتىيىنىڭ دىنىي
سىياسىتىنى توغرا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۈچ جۈملە سۆزدە مۇھىم بىر نۇقتا گەۋ-
دىلەندۈرۈلدى، يەنى كۆز ئالدىمىزدا دىنىي خىزمەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا دى-
نىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، ئۈچ جۈملە سۆز بىر نىشانغا توغرىلان-
دى. يەنى دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش، بىر توپ پرىن-
سىپنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «سىياسەتكە ئەھمىيەت بەرگەن» ۋاقتىمىزدا، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتى-
سىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن» ۋاقتىمىزدا، خىزمەت نىشانىنى گەۋ-
دىلەندۈرۈپ، «ئۇيغۇنلىشىشقا ئەھمىيەت بەرگەن» ۋاقتىمىزدا، مەلۇم بىر تەرەپكە مايىل بو-
لۇپ، «بىر جۈملە سۆز» نى تىلغا ئېلىشتىن خالىي بولالمايمىز. بىراق «ھەر بىر جۈملە سۆز»
ماھىيەتتە بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلانغان «ئۈچ جۈملە سۆز» گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئۈچ
جۈملە سۆزنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ چۈشىنىش، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيىنىڭ دىنىي سى-
ياسىتىنىڭ جەۋھىرىنى چۈشەنگەنلىك ۋە ئىگىلىگەنلىك بولىدۇ. دىنىي خىزمەتتە ھەقىقەتنى ئەمە-
لىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇش، چوڭ پرىنسىپ ۋە چوڭ يۆنىلىش-
تە چىڭ تۇرغانلىقنىڭ ئىپادىسى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بى-
لەن دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشنى ئايرىۋېتىش ھەتتا قارىمۇ قار-
شىلاشتۇرۇپ قويۇش، چۈشەنچىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا چوقۇم
تۈيۈق يولغا بېرىپ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، قانۇن بويىچە
باشقۇرۇشتا چىقىش نۇقتا بىلەن مەۋقە ئۇنتۇلۇپ قىلىنسا، نىشان يوقىلىپ، يۆنىلىشتىن ئېزىپ
قېلىش كېلىپ چىقىدۇ.

(3) دىنىي خىزمەتتە ئۈچ جۈملە سۆزنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ ئۇزاق مۇددەت ئىز-
چىللاشتۇرۇش.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۈچ جۈملە سۆزنى خىزمەتلىرىمىزگە ھەقىقىي تۈردە يېتەكچى
قىلىش ئۈچۈن، كەڭ دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلار ئىچىدە چوڭقۇر ئۆگىنىش
ئېلىپ بېرىش، تەشۋىق قىلىش ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئۇنى كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئو-
رۇن ئالغۇزۇپ، مېڭىسىنى قوراللاندۇرۇپ، ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. مەيلى

مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتا بولسۇن ياكى كونكرېت ئىش بېجىرىشتە بولسۇن، ھەممىسىدە سەگەك تونۇش بولۇشى، ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ روھىنى ھەر بىر خىزمەتتە ئىزچىللاشتۇرۇش، پۈتكۈل جەريانغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق دىنىي خىزمەتنىڭ چوڭ پرىنسىپى، چوڭ يۆنىلىشىنى باشتىن - ئاخىرى ئىگىلەپ «سول» ۋە «ئوڭ» غا ئېغىشنىڭ، بىر تەرەپلىمىلىك كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ جېنى. ئۈچ جۈملە سۆزنى يالغۇز ئېغىزدىلا سۆزلەپ ياكى دوگما قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى جانلىق، كونكرېت ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىدە دىنىي جەھەتتىكى يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋاللار ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەينەن ئەھۋالنى بىلىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تىرىشىپ ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۇنۇملۇك خىزمەت ئارقىلىق دىنىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا يېڭى تەجرىبە، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ توغرا تونۇش بىلەن ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش لازىم.

مەن بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەنكى، كۆپچىلىك «تۆتنى قوغداش» نى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، يەنى قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. بۇنداق دەپ ئاتاش بىلەن ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ تۈپ روھى پۈتۈنلەي بىردەك. ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىق ۋە روشەن ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە. ئۇ ئەڭ بۇرۇن مەركىزىي كومىتېتنىڭ نىڭشا شىجى ئىسلام دىنى جەھرىيە مەزھىپىدىكى ئۇرۇش - تالاشنى بىر ياقلىق قىلغان چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى بايراق» — خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ئۇندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەنچەننىڭ بالا ۋارىسىنى تېپىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. «بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ھەر قانداق پۇقرا، ھەر قانداق تەشكىلات، ھەر قانداق دىنىي ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى قوغدىشى، خەلق مەنپەئىتىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم؛ دۆلىتىمىزدە ھەر قانداق پۇقرا، ھەر قانداق دىنىي ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. خەلق مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. بۇ ئەڭ تۈپ ھەرىكەت مىزانى». (لى رۇيخۇەننىڭ «بەنچەننىڭ بالا ۋارىسىنى ئىزدەش گۇرۇپپىسىنىڭ 3- قېتىملىق يىغىنىدا قىلىنغان سۆزى (قىسقارتىلمىسى)» خەلق گېزىتىنىڭ 1995- يىلى 11- ئاينىڭ 13- كۈنىدىكى 1- بېتىدە) ئەگەر ئۆزىنى دۆلەت قانۇن ئىنتىزامى بىلەن قارمۇ قارشى، خەلق مەنپەئىتى بىلەن قارمۇ قارشى ئورۇنغا قويسا بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە بولۇشقا تېگىشلىك ئورنى ۋە ئىستىقبالىنى يوقىتىپ قويىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ

ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتىكى قىزىق نۇقتىلار، بەزى كىشىلەرنىڭ دىنىي مەسىلىنى باھانە قىلىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان ماجىرالىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش تەس بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ ماجىرالاردا غەيرىي قارىمۇ قارشى زىددىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى زىددىيەت بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن. ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۇقمايدىغان ئامما بىلەن يامان غەرەزدىكى بۇزۇق ئادەملەر ئارىلىشىپ كەتكەن. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «تۆتنى قوغداش» تا بايرىقىمىز روشەن ھالدا چىڭ تۇرساق، كۆپ ساندىكى ئاممىنى بىر قەدەر ئاسان تەربىيىلىگىلى ۋە قولغا كەلتۈرگىلى، ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەرنى پەرق ئەتكىلى ۋە زەربە بەرگىلى بولىدۇ. زىددىيەتنى ئاساسىي قاتلاملاردا بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىشقا ئاسان بولىدۇ. «تۆتنى قوغداش» نى دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھەرىكەت مىزانى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. «ئۇيغۇنلىشىش» دېگەنلىك دىننى «تۆتنى قوغداش» دائىرىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن قارىمۇ قارشىلاشماسلىق دېگەنلىكتۇر.

**96 ـ يىلى «ئۈچ ئىش» نى چىڭ تۇتۇش**

مەركەزنىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى فاڭجېنى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولدى، ئاچقۇچ چوڭ ئىشنى تۇتۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا. بۇ يىللىق دىنىي خىزمەتتە ئاساسلىقى 3 تەرەپنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، قىسقىچە يىغىنچاقلىغاندا، «ئۈچ ئىش» نى چىڭ تۇتۇش، يەنى سورۇننى چىڭ تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، قوشۇننى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت.

(1) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇش.

بۇ خىزمەت ئۈستىدە يولداش لىيۇشۇشياڭ مەخسۇس خىزمەت دوكلاتى بېرىدۇ، بۇ قېتىمقى يىغىندا مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىدۇ. گوۋۇيۈەن «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شۇنداقلا گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش چارىسى» نى چۈشۈرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ تىرىشىشى بىلەن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىدە روشەن ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. دەسلەپكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ھازىر مەملىكەت بويىچە 13 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) تىزىملاش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولغان، 9 ئۆلكە، (ئاپتونوم رايون، شەھەر) بۇ يىل ئورۇنداپ بولۇشنى پىلانلىدى، 3 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) خىزمەتنى باشلىۋەتتى. بۇ سۈرئەتتىن قارىغاندا ئەسلىدە پىلانلانغان 3 يىل ئىچىدە تىزىملاش خىزمىتىنى ئاساسەن ئورۇنداپ بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىراق شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بۇ يىللىق ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. خېلى كۆپ بىر قىسىم ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەر تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولغان ۋە ئورۇنداپ بولۇشقا يېقىنلاشقان جايلارمۇ پەقەت بۇرۇن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەن مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنى ۋە بىر قەدەر ئاسان تىزىملىغىلى

بولىدىغان پائالىيەت نۇقتىلىرىنىلا تىزىملىغان. تېخى تەكشۈرۈلمىگەن، تىزىملانمىغان سورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە خىزمەت ئىشلەش ناھايىتى قىيىن، بەزىلىرى سىياسەت مەسىلىسىگە تاقىلىدۇ، بەزىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەل قىلىش تەس بولغان مەسىلىلەردۇر. شۇڭا بۇ يىلنى تىزىملاش خىزمىتىدە مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش يىلى دېسەك بولىدۇ.

مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىشتا، ئىرادە بولۇش، قوشۇن بولۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇش لازىم. تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تونۇش يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، كادىرلار چوڭقۇر چۆكۈشى، خىزمەتتە يېتىشىپ مېڭىشى لازىم.

تونۇشنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم، ئۇنداق بولمىسا قەتئىي نىيەتكە كەلگىلى بولمايدۇ، كۈچەنگىلى بولمايدۇ، خىزمەتتە بېشى بار، ئايىغى يوق، شەكىل بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەس. مەركەز 1991- يىلدىكى 6- نومۇرلۇق ھۆججەتتە «بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇش» نى تەكىتلىگەن. گوۋۇيۈەننىڭ 145- نومۇرلۇق بەلگىلىمىسىدە: «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەسىس قىلغاندا، تىزىمغا ئالدۇرۇش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئاللىقاچان ئايدىڭلىشىپ بولغان سىياسەت، قانۇن - نىزام، چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىي رەسمىيەت، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىننى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار ئىچىدىكى مۇھىم ئامىل، كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان بىر خىل گەۋدە، ئۇ يالغۇز دىنغا ئىشىدىغان ئاما، دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ دىنىي پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، تىزىملاش ئاساسىدا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت سىستېمىلىق قۇرۇلۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق بىر قۇرۇلۇش. شۇڭا تىزىملاش خىزمىتىدە دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ مەۋقەسى، بىرىنچى نۇقتىسى، تۈپ نۇقتىسى بولىدۇ. تىزىملاش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى ئىگىلەشتە ئاۋۋال ئاساسىي ئەھۋالنى ئۇقۇش لازىم. ئەھۋال مۇرەككەپ، ئۆلچەم بىردەك بولمىغاچقا، بەزى جايلارنىڭ خىزمىتى دېگەندەك ئەمەس، يالغۇزلا مۇشۇ تۈرمۇ ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. تىزىملاش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، قىيىن نۇقتىلارغا ھۇجۇم قىلىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تىزىملاش خىزمىتىدىكى ئومۇمىيلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان، تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرىدىغان بەزى سىياسەت مەسىلىلىرى ۋە كونكرېت ئىشلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. تىزىملاش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تەكشۈرگەندە، قوشۇننى ئاساس قىلىپ، دائىملىق، ئۈنۈملۈك باشقۇردىمۇ - يوق، دېگەن مەسىلىگە قاراش كېرەك. شۇڭا تىزىملاش خىزمىتىنى ئاسان دېسەك ئاسان، قول سېلىش ئوڭاي، مۇرەككەپ دېسەكمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ، ئەمەلىيەتتە بىر نەچچە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بىز ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز، يۈزەكى ئىش قىلماسلىقىمىز، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە چوڭ ئىش دەپ قاراپ چىڭ تۇتۇشىمىز، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

پەقەت تونۇش ئۆسكەندىلا ئاندىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان بوشاڭغۇلۇقنىڭ، ئاغرـ
ىش كەپپياتىنىڭ، ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە تۈگەتكىلى بولىدۇ، تىزىملاش
خىزمىتىنى بوشاشماي ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

تىزىملاش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ
چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەس بولىدۇ. بەزى مەسىلىلەر تىزىملاش جەريانىدا كېلىپ چىقـ
قان، كۆپ قىسمى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى توپلىنىپ قالغان كونا مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ قېتىمـ
قى تىزىملاشتا ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: كاتولىك دىنى يەر ئاستى كۈچلىرى كونترول
قىلغان چېركاۋ نۇقتىلىرىنى تىزىملاش مەسىلىسى، خرىستىئان دىنىدىكىلەر توپلىنىدىغان نۇقـ
تىلارنى تىزىملاش مەسىلىسى، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن بۇددا دىنى چېركاۋلىرىنى تىزىملاش
مەسىلىسى ۋە بەزى مەزھەپلەرنىڭ تىزىملاشنى قوبۇل قىلماسلىق مەسىلىسى قاتارلىقلار. بۇ
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كادىرلارنىڭ تۆۋەنگە چۈشىشى، ئەمەلىيەتكە چۆكىشى،
ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇرلاپ كىرىشى، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئېنىقلىشى، مەسىلىنى ھەل قىـ
لىش چارىلىرىنى تېپىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئۈنۈملۈك چارە قوللىنىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر
يەتكۈزىدىغان، تەرەققىياتنى چەكلەيدىغان مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىـ
لىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىزىملاش خىزمىتىنىڭ كۆزلىگەن مۇددەتتە ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاـ
پالەتلىك قىلىش لازىم. ئەلۋەتتە «بىرلا جەڭ بىلەن ئورۇنداش» خام خىيالدا بولماي، «بىر
قانچە جەڭ ئارقىلىق ئورۇنداش» تەك سەۋرچانلىق ۋە كۈچلۈك ئىرادە تىكلىشىمىز كېرەك.

تىزىملاش خىزمىتى مەملىكەت بويىچە قانات يېيىپ كەتتى، خىزمەتلەر يېتىشىپ مېڭىشى
لازىم. باشقا جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۈلگە، قىلىپ ئۆز ئەمەلـ
ىيتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جىددىي ئېلىپ بېرىش لازىم. بىراق سۈرئەت قوغلىشىپ شەكىلگە ئايلانـ
دۇرۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، يول باشلايدىغان
مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر بولسا، ئەگرى يولنى ئازراق ماڭغىلى بولىدۇ. پەقەت چىڭ تۇـ
تۇلسا، ھەقىقىي تۈزۈتسىلا بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدۇ.

تىزىملاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ بولغان جايلار «دىنىي پائالىيەت
سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش چارىسى» گە
سېلىشتۇرۇپ، خۇلاسىلەش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمەتلىرىنى ئوبدان
ئىشلەش لازىم. ھەر قايسى ئۆلكىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارـ
ىسىگە دوكلات يوللىشى كېرەك.

تىزىملاش مەقسەت ئەمەس، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشـ
نى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتىكى ۋاستە، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى چوڭـ
قۇرلاشتۇرۇشتىكى سىستېمىلىق قۇرۇلۇشنىڭ بىر ھالقىسى. شۇڭا سورۇنلارنى تىزىملاش خىزمەـ
تى گوۋۇيۈەننىڭ 145- نومۇرلۇق پەرمانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ ئورنىنى باـ
سالمايدۇ. بەزى جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يىللىق تەكشۈرۈش دىنىي
خىزمەت تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، تىـ

زىملاش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتىكى ئۈنۈملۈك چارە. سورۇنلارنى تىزىملاش خىزمىتى ئورۇندالغاندىن كېيىن، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ھازىر «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش چارىسى» نى تۈزۈۋاتىدۇ، بۇ قېتىمقى يىغىندا كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل تۈزىتىش كىرگۈزۈشىنى سورايمىز. جايلار مۇشۇ چارە بويىچە شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىغا مۇناسىپ كېلىدىغان يىللىق تەكشۈرۈش چارىسىنى يولغا قويۇش پىكرىنى بېكىتىپ چىقىشى لازىم. سورۇنلارنى تىزىملاش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، باشقا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دائىمىي خاراكتېرلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پائال ئىزدىنىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىشى لازىم. سورۇنلارنى تىزىملاش خىزمىتىدە ماتېرىيال توپلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، ئەھۋاللارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش كېرەك.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ئاساسىدا بىز پەقەت يەنىمۇ تىرىشىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، خىزمەتلەردە يېتىشىپ بارساقلا، بىز كۆزلىگەن نىشانىمىز بويىچە 1996 - يىلى مەملىكەت دائىرىسى بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ، ھەقىقەتەن چوڭ بىر ئىش قىلىپ چىقالايمىز.

(2) ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تۈرلەرگە بۆلۈپ يېتەكلەشنى كۈچەيتىش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇۋېلىپ، قىيىن نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىپ، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

دىنىي خىزمەتتە تۇتقۇلۇق مەسىلىلەر كۆپ، ئۆلكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرى «كۈندىلىك خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، يىراق مەزگىللىك خىزمەتلەرگە مادارى يەتمەسلىك» نىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. «دىنىي ئىشلاردا كىچىك ئىش يوق» دېگەنلىك بۇ خىزمەتنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىملىقىغا قارىتىلغان، ئۇ ئېغىر - يېنىكنى پەرقلەندۈرمەي ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش دېگەنلىك ئەمەس. دىنىي خىزمەت مۇرەككەپ بىر سىستېما، بۇ سىستېمىدا يۈزەكى ۋە چوڭقۇر مەسىلىلەرمۇ، روشەن ۋە مۇجمەل مەسىلىلەرمۇ، ئادەتتىكى ۋە ھالقىلىق، شۇنداقلا ئەجەللىك مەسىلىلەرمۇ بار. ئۆلكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى زېھنىنى چوڭقۇر، مۇجمەل، ھالقىلىق مەسىلىلەرگە قارىتىشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا جۈرئەت قىلىشى، قانۇن - تۈزۈم، سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ ۋە ئىجرا قىلىشى، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى بىلىۋېلىپ، تۇتۇۋېلىشى، ئۇسۇل - چارىگە دىققەت قىلىشى، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇۋېلىشقا، قىيىن نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىشقا، قىزىق نۇقتىنى ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى ۋە ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، بىر يۈرۈش تۈركۈم، مەزگىل ۋە دائىرىگە بۆلۈپ يېتەكلەشنىڭ ماھارەت بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەڭ مۇھىم، بىز دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىساق سۆزلىيەلمەيمىز، ئوزۇقسىز قالىمىز، قىلىدىغان ئىشىمىزمۇ قالمايدۇ.

بۇ يىل تۇتىدىغان مۇھىم، قىيىن، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك:

1. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى ئاستىدا، قانداق قىلىپ چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش. بۇ يىل گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە، مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە بىر قېتىملىق يىغىن چاقىرىپ، قاراتمىلىقى بولغان سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ ھەم بۇ توغرىلىق مەركەزگە دوكلات قىلدى. چەت ئەلدىكى بەزى دىنلارنىڭ جۇڭگوغا بولغان تەسىرى، بەزى دىنىي دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىز چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سىڭىپ كىرىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، خىزمەت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا دائىر تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى پىلانلىق ياخشى ئىشلەش لازىم.

2. شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ھارپىسىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ ھەم ماسلىشىپ «نېگىزلىك قانۇن» نىڭ مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن دىنىي ساھەسى بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننى تىنچ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.

3. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا پائال ماسلىشىپ، غەيرىي دىنىي تەكشۈرۈش، يوقىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش. ج خ مىنىستىرلىكىدىكى يولداشلار بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرى يەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا پائال ماسلىشىپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم. خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىنچىكە پىلانلاش، سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىگىلەش كېرەك. ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش ھەم قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى كۆپ ئىشلەپ، ئاممىنىڭ چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنلۇق دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداشقا دىققەت قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

4. كاتولىك دىنى يەر ئاستى كۈچلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. كاتولىك دىنى يەر ئاستى كۈچلىرى ئاساسلىقى رىم ۋاتىكانى مەخپىي تەيىنلىگەن ئېپىسكوپ ۋە بۇ ئېپىسكوپلار نام بەرگەن پوپلار ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى غوللۇق ئۇنسۇرلاردۇر. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، رىم ۋاتىكانىنىڭ «بىرلىشىش، ئورتاقلىشىش» تاكتىكىسىنىڭ تەسىرى ۋە چەت ئەل دىنىي دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا، كاتولىك دىنى يەر ئاستى كۈچلىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ قېلىش يۈلىنىشى بار-

لىقنى قىلىپ، بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر روھانىيلار مۇستەقىل ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز دىنىي تەشكىلاتلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنىغا قارىتا تەۋرىنىش پەيدا بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. «يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا كاتولىك دىنى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلات» (ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى (1989) 3 - نومۇرلۇق ھۆججىتى)نىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، كاتولىك دىنى روھانىيلىرى ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز دىنى تەشكىلاتلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىتىپ، جۇڭگو كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى ياخشى باشقۇرغۇزۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، داۋاملىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ماسلىشىپ، يەر ئاستى ئېپىسكوپلىرى ۋە ئاساسلىق ئۇنسۇرلارغا بولغان زەربىنى كۈچەيتىشى، شۇنداقلا ئۇلارنى پارچىلاش ۋە تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىشنىڭ كۈچ سالمىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم. بىزنىڭ تەكلىپىمىز مەركىزىي كومىتېت سىياسىي - قانۇن كومىتېتى ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى باش بولۇپ، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ دىنىي ئىشلار تارماقلىرى پائال ماسلىشىپ، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ 3 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئەستايىدىل خۇلاسىلەش، ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىش، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات يېزىپ چىقساق.

5. خىرىستىئان دىنىغا بولغان خىزمەتنى كۈچەيتىش. خىرىستىئان دىنىدىكى زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، «ئۈچ ئۆز» پرىنسىپىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆز دىنى جەمئىيەتلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش لازىم. پۈتۈن مەملىكەت ۋە يەرلىك خىرىستىئان دىنى «ئىككى جەمئىيەت» ى ئىدىيىسى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. خىرىستىئان دىنى مەزھەپلىرى، ئائىلىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، مۇۋاپىق ۋاقىتتا خىرىستىئان دىنى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىش لازىم.

6. بەنچەنگە بالا ۋارىس تاللاش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغانلىقى پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي، زاڭزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى خىزمەت يىغىنى چاقىرىش لازىم. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، زاڭزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، چوڭ گىگەن ۋە باشقا گىگەنلەرگە بالا ۋارىس تاللاش ئۇسۇلىنى بېكىتىش، راھىبلارغا بولغان تەربىيىنى ھەم ئىبادەتخانىلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم.

7. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مۇقىملىقى، ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. بۇ يىل گوۋۇيۈەن دىنى ئىشلار ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى مەسىلىلىرىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، مۇۋاپىق پەيتتە، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ج خ مىنىستىرلىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومى بىرلىكتە بىر قېتىملىق

شنجاڭدىكى ئىسلام دىنى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە
ياخشىلاشقا دائىر بىر قىسىم تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،
ئىش تەقسىم قىلىنىپ، ھەم ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقچى.
غەربىي شىمالدىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا رايونلارنىڭ خىزمىتىنى دا-
ۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم. ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپ، مۇلۇك مەسىلىسىدە، «ئۈچىنى تا-
زىلاش» قايتا باش كۆتۈرۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

8. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ماسلىشىپ، قالايمىقان مەسچىت، چېركاۋ، بۇتخانا سې-
لىش، كۆپلەپ دىنىي گۇمانتار مەنزىرە تۇرى قۇرۇۋېلىش، ئىلاھ ھەيكەللىرىنى كۆپلەپ تىكلە-
ۋېلىش شاماللىرىنى توسۇپ، دىن دائىرىسى ئىچىدە بولمىغان فېئوداللىق خۇراپىي پائالىيەت-
لەرنى چەكلەش كېرەك. قالايمىقان قۇرۇش، ھەددىدىن زىيادە قۇرۇۋېلىش ئەھۋاللىرىغا قا-
رىتا بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خىزمەت پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇش، مەركىزىي كومى-
تېت ۋە گوۋۇيۈەنگە دوكلات قىلىش ھەمدە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى
ئاستىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن پائال ماسلىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

9. دىنغا ئائىت قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. گوۋۇيۈەننىڭ دىنغا ئائىت ئىك-
كى قانۇننى داۋاملىق تەشۋىق قىلىپ ھەم ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، گوۋۇيۈەننىڭ ئىككى قا-
نۇن - نىزامىغا ماس كېلىدىغان ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەپسىلىي پىكرى ياكى ئەمەلىيلەشتۈرۈش
چارىسى تۈزۈپ چىقىش. بەزى جىددى ئېھتىياجلىق بولغان يەككە تۈرلۈك مەمۇرىي قانۇن - نى-
زام تۈزۈپ چىقىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانۇن تۇرغۇزۇش
پىلانىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ھەر قايسى جايلار تۈزۈپ چىققان يەرلىك دىنغا ئائىت قانۇن
- تۈزۈم ۋە ھۆكۈمەت نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.
مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش، ھەر
قايسى جايلار ئۆز جايىنىڭ يەرلىك ئەھۋالىغا قاراپ، مۇناسىۋەتلىك يەرلىك دىنغا ئائىت قا-
ئىدە - تۈزۈم ۋە نىزام تۈزۈشى، ئەمما بۇ چوقۇم دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرى
بىلەن جىپسىلاشقان بولۇشى كېرەك.

10. دىنىي ئۆي - مۈلۈكلەر سىياسىتىدىكى قېپقالغان مەسىلىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
ھەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش. دىنىي ئۆي - مۈلۈكلەر سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى-
نىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان، ئەمما يەنە بىر قىسىم قېپقالغان مەسىلىلەر بار بولۇپ،
ئۇ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتىگە تاقاشقانلىقتىن، ئەگەر مۇۋاپىق ھەل قىلىنمى-
سا جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
رەھبەرلىكى ئاستىدا، داۋاملىق ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ ھەم-
كارلىشىپ، «تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئېتىبار بېرىش، سىياسەتنى ئىجرا
قىلىش، مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىپ يول قويۇشۇش، قويرۇق قالدۇر-
ماسلىق» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-

قىتتا ، سىياسەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېگىلەپ ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا
بولغان تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، ئۇلارنى ئارتۇقچە تەلەپ قويماسلىققا ، ھەركىتى-
نىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىگە دەۋەت قىلىش كېرەك .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ يىللىقى خىزمەتنىڭ مۇھىم ، قىيىن ، قىزىق نۇقتىلىرىنىڭ كۆپىنچى-
سى يېقىنقى يىللاردىكى دىن خىزمەتلىرىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەردۇر . بۇ مەسىلىلەرنى بۇ
يىلدا تۈپتۈز ئۈندىغان چوڭ ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك . بۇنداق دېگەنلىك بۇ يىللا ھەل
قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىق ئەمەس ، بەلكى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭى ئىل-
گىرىلەشلەرنى ، يېڭىچە بۆسۈشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر . ئۇ يەنە باشقا
خىزمەتلەرنى قىلىسمۇ ، قىلمىسىمۇ بولىدۇ ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس ، بەلكى بىر تۇتاش پىلانلاپ ،
ھەممىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش دېگەنلىكتۇر . ھەر قايسى جايلارنىڭ بىردەك بىر نەچچە نۇقتىغا
ئوخشاش كۈچ چىقىرىشىمۇ تەلەپ قىلىپ كېتىلمەيدۇ ، ھەر قايسى جايلار ئومۇمىي تەلەپكە ئا-
ساسەن ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، ئۆزىدە بار بولغان قىيىن ، مۇھىم ، قىزىق نۇق-
تىلارنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلىندۇ . پۈتۈن دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ خىزمەتلەرنى ياخ-
شى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ،گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك
سەپ بۆلۈمى ، گوۋۇيۈەن تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى ، جۇڭ-
گوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە تەتقىقات مەركىزىي بىلەن بىرلىكتە ، بىر قېتىملىق ئومۇم-
يۈزلۈك ، ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، نۆۋەتتە دىنىي جەھەتتىكى ھالەت ۋە يېڭىدىن مەي-
دانغا كەلگەن مەسىلىلەرنى بىر قەدەر مۇكەممەل ھەم توغرا مۆلچەرلەپ ، مەركەزنىڭ 1982 -
يىل 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ، بولۇپمۇ 1991 - يىل 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىلغاندىن
بۇيانقى ئەھۋاللارغا خۇلاسە ئانالىز يۈرگۈزۈپ ، ئەسىر ھالقىيدىغان دىنىي خىزمەت توغرىسى-
دا بىر نەچچە تۈرلۈك پىكىر ئوتتۇرىغا قويماقچى ، ھەم بۇ يىلنىڭ 3 - پەسلىدە پارتىيە مەرك-
زىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە بىر قېتىملىق دوكلات ، ھەمدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېتەكچىلىكى
ئاستىدا ئەسىر ھالقىيدىغان دىنىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ھەققىدىكى ھۆججەت تۈزۈپ
چىقىش ، مۇۋاپىق پەيتتە مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەر-
مەكچى بولۇۋاتىمىز .

( 3 ) ئىككى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش .

ئەلا ساپاغا ، ئەلا خىزمەت ئۇستىلىغا ئىگە ۋە كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان دى-
نىي خىزمەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش ، دىنىي سىياسەتنى ئەتراپلىق ، توغرا ئىزچىللاشتۇ-
رۇش ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى تەشكىلىي كاپالەت . يېقىندا يولداش
جاڭ زېمىن ئۆگىنىشكە ، سىياسەتكە ، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىدى . ئۆگى-
نىشكە ئەھمىيەت بېرىش دېگىنىمىز — كۆپچىلىكنىڭ ئالدىراش بولسىمۇ ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ
كىتاب كۆرۈشى ، نەزەرىيە ئۆگىنىشى ، سىياسەت ئۆگىنىشى ، كەسپ ئۆگىنىشى لازىم ، دېگەن-

لىكتۇر. دىنىي خىزمەت كادىرلىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى، قانۇن بىلىملىرى، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئۆزىنى تولۇقلاپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىش، دېگەنلىك، دىنىي خىزمەت كادىرلىرىدىن سىياسىي نىشانىنىڭ توغرا، سىياسىي مەيدانىنىڭ قەتئىي، سىياسىي قارىشىنىڭ ئېنىق، سىياسىي ئىنتىزامىنىڭ قاتتىق، يەنە مەلۇم سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولۇشىنى، سىياسىي جەھەتتە كۆزىتىشكە، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دىنىي خىزمەتتە مەن ناھايىتى كۈچلۈك سىياسەتچانلىققا، بىرلىك سەپچانلىققا، ئۈلگە كۆرسىتىشكە ۋە كونكرېت مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى سىياسەتچانلىق، دىنىي خىزمەتتە سىياسەتچانلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى دىنىي ئىشلاردا كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا شەكىللەنگەن ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىللىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ناچار خاھىشلار ۋە ھەر خىل چىرىكلىك ھادىسىلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش، دېگەنلىكتۇر. بىز دىنىي خىزمەت كادىرلىرى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىمىز، جاپا چېكىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز؛ ئۆزىمىزدە توغرا كەيپىيات تۇرغۇزۇپ، پاك بولۇپ، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

ھازىر دىنىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەر بىلەن تېخى تولۇق ماسلىشىپ كېتەلمىدى. دىنىي خىزمەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ياش يولداشلار ۋە باشقا خىزمەت ئورنىدىكى يولداشلار بۇ خىزمەت قوشۇنىغا قوشۇلدى، بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي خىزمەت نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، شۇڭا دىنىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ناھايىتى زۆرۈر. بۇ يىل ماركسىزملىق دىن قاراش ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەربىيىلەش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرماقچىمىز. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كېڭىشىپ، بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تەييارلىماقچى، بۇ قېتىملىق ئۆگىنىش، تەربىيىلەش پائالىيىتىدە مەركەزنىڭ ھۆججەت تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قانۇنچىلىق مەھكىمىسى بىرلىكتە تۈزگەن «يېڭى دەۋردىكى دىنىي خىزمەت ماتېرىيال تاللانمىلىرى» بىلەن گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قانۇنچىلىق مەھكىمىسى تۈزگەن «سىياسەتتىكى مۇھىم نۇقتىلار» ئاساسلىق ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ھەمدە بىر قانچە پايدىلىنىش كىتابلىرى كۆپ-

چىلىكىنىڭ پايدىلىنىپ ئۆگىنىشى ئۈچۈن قايتا تۈزۈپ تەمىنلەپ بېرىلىدۇ، ئۆلكە دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت كادىرلىرىنى گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى تەربىيىلەيدۇ. ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار تارماقلىرى ئۆز ئۆلكىسىدىكى دىنىي خىزمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. بىز بوشاشماي تىرىشىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان دىنىي خىزمەت كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلار قوشۇنىنى قۇرۇش تېخىمۇ جىددىي، تېخىمۇ مۇشكۈل ۋەزىپە. ھەر قايسى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەشتىكى كۆۋرۈك بولۇپ، تېگىشلىك ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى. لېكىن بەزى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى مۇكەممەل ئەمەس، ھەتتا پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئىزباسارلار كەمچىل. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ياخشى، بىزنىڭ سادىق دوستلىرىمىز. لېكىن ئىدىيىۋى تونۇش ۋە دىنىي باشقۇرۇش فاڭجېنى جەھەتتە بەزى كىشىلەردە چەتنەپ كېتىش كۆرۈلدى؛ ھەتتا بەزى ئايرىم ئادەملەر چېگرا سىرتىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىر ياقتا تۇرۇپ، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشنى زادى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. «4 نى قوغداش» نى مەركەز قىلىپ، دىنىي ساھەدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە قانۇن تۈزۈم تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. دىنىي زاتلارنى يولداش جاڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش» تەلىپى بويىچە، ھەر خىل دىنلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەش، مىللىي ئىشەنچ ۋە غۇرۇرىنى كۈچەيتىش، داۋاملىق تەۋرەنمەي ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز دىنىي تەشكىلاتلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىي بىلىمگە ئىگە، خىزمەت ئىقتىدارى بار ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلارنى ئىخلاس بىلەن تەربىيىلەپ، چېنىقتۇرۇپ، يۆلەكلىك ئىشلىتىپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆز زىممىسىگە ئالغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىپ، يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ئالمىشىش مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. بۇ يىلدىن باشلاپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلاتلار بىرۋىراقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇشقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، دىنىي خىزمەت تارماقلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش، ھەمكارلىشىش جەريانىدا، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كې-

رەك .

دىننى شۆيۈەن ، مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ، مەركەز تۈزگەن
دىنىي شۆيۈەن ، مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش فائىجېنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ،
دىنىي شۆيۈەن ، مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىيا-
سىي - ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك .

يۇقىرقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا ، پائالىيەت سورۇنلىرىنى تۈتۈش ، مۇھىم نۇقتىلارنى تۇ-
تۇش ، قوشۇننى تۈتۈشتىن ئىبارەت بۇ « 3 ئىش » نىڭ ھەممىسى ئاساس قۇرۇلۇشىنى تۈتۈش-
قا ياتىدۇ .« بىز ھەر بىر قەدەمنى پۇختا باسساقلا ، كۆزلىگەن مەخسەتكە يېتەلەيمىز . » پائالى-
يەت سورۇنلىرىنى تۈتۈش — قانۇنلۇق باشقۇرۇش سىستېمىسىغا ئۇنۇملۇك قەدەم تاشلاپ دى-
نىي خىزمەتلەرنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر . مۇھىم
نۇقتىنى چىڭ تۇتقاندىلا ، دىنىي جەھەتتە مۇقىملىقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ،
خىزمەتلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئەھۋالنى يەنىمۇ ئوبدان كۆزىتىپ ،
ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ ، خۇلاسىلەپ ، ئومۇمىي ۋەزىيەت جەھەتتە يېڭى دەۋردىكى دىنىي
خىزمەتنىڭ قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىگىلەپ ، دىنىي خىزمەتتە ئەسىر ھالقىيدىغان قەدەم
باسقىلى بولىدۇ . قوشۇننى چىڭ تۈتۈش دىنىي خىزمەتنىڭ ئەسىر ھالقىشىدا كەم بولسا بول-
مايدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇشىدۇر .

يولداشلار :

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ « 9 - بەش يىللىق »
پىلان ۋە 2010 - يىللىق كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى ، پۈتۈن پارتىيە ۋە
پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت
ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نامايەن قىلدى . دىنىي خىزمەتتە
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تېمىسىدا تېگىشلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ
ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر تەرىپى بولۇش كېرەك . دىنىي خىزمەتنى بۇنىڭدىن
كېيىنكى 5 يىل ۋە 15 يىللىق ئىقتىسادىي جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بىللە ئويلىشىشىمىز كې-
رەك . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دىنىي خىزمەتلەرنى بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق دۆلىتىمىزنىڭ
ئىقتىسادىي جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزدى . بۇ پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار-
نى ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنىڭ دىنىي خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت
بېرىشى ۋە ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ، ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ ،
بۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە كادىرلارغا ناھايىتى زور
ئىلھام . نۇرغۇنلىغان ئۆلكىلەرنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى دىنىي خىزمەتلەرنى ئۆزى
تۇتۇپ ئىشلەپ ، دىنىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى ۋە زور كۈچ بىلەن يار-
دەم قىلدى . بۇ بىزگە ناھايىتى زور ئىلھام . بۇ قېتىمقى يىغىنغا جېجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن

شۇجىسى ليۇ خېڭ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى لى چىڭيۇ، شاڭخەي شەھەر-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۇنيەنزۇ ۋە جاڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ
مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جاڭ لەنجېن تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزلىرى-
نىڭ دىنىي خىزمەتلەرگە قانداق ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى تونۇشتۇر-
دى. كۆپچىلىك قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كې-
ڭەيتىشى لازىم.

لى پېڭ زۇڭلى: «دىنىي خىزمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى ئالاھىدە تونۇش، خىزمەت
تەجرىبىسى توپلاش ئېھتىياجلىق» دېگەنىدى. خىزمەت ئۇنۇمى خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن كېلىدۇ.
خىزمەت تەجرىبىسى سىياسەت، قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ توپلىنىشىدىن، ھەمدە كادىرلارنىڭ يې-
ڭىلىشىدىن كېلىدۇ. «3 جۈملە سۆزنى ئۇزۇن مەزگىل ئىزچىللاشتۇرۇش» ئىلگىرىكى جۇغلان-
مىلارنىڭ جەۋھىرى. «96 يىلى چىڭ تۇتىلىدىغان 3 ئىش» كەلگۈسى جۇغلانمىلارنىڭ ئاسا-
سى. «3 جۈملە سۆزنى ئۇزۇن مەزگىل ئىزچىللاشتۇرغاندا» ئاندىن دىنىي خىزمەتلەرنىڭ
توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلىشىگە، تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا كاپالەتلىك
قىلغىلى بولىدۇ. «96 يىلى ئۈچ ئىش» نى چىڭ تۇتۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئاساسىي
خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇشتا قەتئىي نىيەتكە كېلىش كېرەك. «3 جۈملە سۆزنى ئۇزۇن مەزگىل
ئىزچىللاشتۇرۇش، 96 - يىلى 3 ئىش» نى چىڭ تۇتقاندىلا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىللىق،
ھەتتا 15 يىللىق دىنىي خىزمەت ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش ھاسىل قىلغىلى، ياخشى ئاساس
بىلەن تەمىن ئەتكىلى، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى تېخىمۇ
ئوبدان ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قا-
نۇن، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ دىنىي ساھەدە مۇقىملىقنى ساقلاپ،
ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن بىر ياخشى جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىپ، «9 - بەش يىللىق»
پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياردەمچى كۈچنى كۈچەيتىپ، قارشىلىق كۈچنى ئازايتقىلى
بولىدۇ.

بىز يولداش جاڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە،
پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ،
ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ، جەسۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە
ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي خىزمەتتە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئۆزى «3 جۈملە سۆز-
نى» ئۇزاق مۇددەت ئىزچىللاشتۇرۇپ، 96 - يىلى «3 ئىش» نى چىڭ تۇتقانلىق بولىدۇ.
1996 - يىلدىن ئىبارەت بۇ ئۇمىدكە، خىرىسقا تولغان باشلىنىش يىلىدا، ئاساس سېلىش
يىلىدا دىنىي خىزمەتتە ياخشى باشلىنىش بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملى-
كەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يېڭى پايدىلىق پەيتنى، يېڭى رى-
قابەت، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى.

# يولداش چېن خۇڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدىكى خۇلاسە سۆزى

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى ئىككى باسقۇچنى بېشىدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. گەرچە بۇ يىغىننىڭ ۋاقتى بىر قەدەر جىددى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كۆپچىلىك خېلىلا جاپا تارتقان بولسىمۇ، يولداشلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى. يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ بىر ياخشى دوكلات، ئىككى ياخشى تەجرىبە، بىر ئېكسكۇرسىيە - ئۆگىنىش نەق مەيداننىڭ بولغانلىقىنى نامايەندە قىلدى. يىغىن باي مەزمۇنلۇق بولدى. يولداشلار يەنە ئۇلۇغ داھىمىز ماۋزېدۇڭ جۇشىنىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇ ئۆيى ۋە يولداش ليۇشياۋچىنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئالدى.

يولداشلار، يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئۆز دوكلاتىدا ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆزلىگەن، ئىرادىسى يېڭىچە، دېيىشتى. دوكلاتتا پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە قارىتىلغان تەلەپلىرى، خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ «9 - بەش يىللىق» پىلانى ۋە 2010 - يىللىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ئاساسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، بۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، خىزمەت فاڭجېنى ۋە تەلەپلىرى شەرھلەندى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. بەزى يولداشلار، يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دوكلاتىدا يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، سىياسىيغا، سىياسەتكە، ئىنتىپاقلىققا، تەرەققىياتقا، مۇقىملىققا، تەجرىبىلەرگە، ئۇسۇل مېتودقا ئېتىبار قىلىنىپ، ماركسىزمچە مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تولۇق بايان قىلىنغان، دېيىشتى.

يەنە بەزى يولداشلار يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دوكلاتىدا ئۈچ ئالاھىدىلىك بار: بىرىنچى، سىياسىي ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «رەھبىرىي يولداشلار سىياسىيغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك» دېگەن تەلىپى بويىچە تولۇق بايان قىلىنغان. مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مۇقىملىق ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداشنىڭ مۇھىملىقى چوڭقۇر شەرھلەنگەن. ئىككىنچى، چاقىرىقلىق رولى كۈچلۈك. بۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن، «مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ «9 - بەش يىللىق پىلان» ۋە 2010 - يىللىغىچە كەلگۈسى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك بىردەك، بۇ شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كىشىلەرنى شاتلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىللەتلەر خىزمىتىنى جۇشقۇنلۇققا تولدۇرۇپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى، دەپ قارىدى. ئۇ-

چىنچى ، يېتەكلەشچانلىقى كۈچلۈك. يولداشلارنىڭ قارىشىچە ، دوكلات ھەم پرىنسىپال ، ھەم كونكرېتنى بولۇپ ، ئۇنىڭدا نەزەرىيمۇ ، ئەمەلىيەتمۇ بار ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىپ ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەكىتلەنگەن ، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى ئىزھار قىلىپ ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىلمىيلاشتۇرۇشنى يەنە بىر قەدەم ئالغا سۈردى. يولداشلار ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دوكلاتى كۆپچىلىككە ئىلھام بەردى ، ھەم يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلىدى ، ھەم يۇقىرى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، ئەمەلىيەتتە كۆپچىلىكنىڭ يۈكى ئېغىرلاشتى ، دەپ ھېس قىلىشتى. يولداشلار ئومۇمىيۈزلۈك ، خوتەن ، خوبېي ئىككى ئۆلكىنىڭ تەجرىبىلىرى كىشلەرنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى ، بەكمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ، ئۇلار خىزمەتلەرنى بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلىگەن ، خىزمەت مەزمۇنى چىن بولغان ، دەپ ئىنكاس قىلىشتى. يولداشلار ، ئۇلار ياخشى سۆزلىدى ، چۈنكى ئۇلار خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەن ، دەپ ئېيتىشتى. يولداشلار شاڭشى ئوبلاستىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ، خوتەن ئۆلكىسى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. كۆپچىلىكنىڭ ھاسلاتى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى ، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دوكلاتىدا خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ «9 - بەش يىللىق» پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ئاساسىغا ئاساسەن ، بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي قوتقۇزۇش يولى. كۆپچىلىك دوكلاتتا «ئىككى نىشان» ، «ئىككى بۇرۇلۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ، مىللەتلەر خىزمىتىدە «ئىككى سىستېما» (مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسى ۋە مىللەت قانۇنى سىستېمىسى)نى بەرپا قىلىش ، «ئۈچ قوشۇن» (ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرى قوشۇنى ، پەن - تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنى ، سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنى)نى قۇرۇش ، تېخىمۇ ئىتتىپاق ، ئىناق ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشچانلىقى ، ستراتېگىيىلىككە ، ئومۇملۇققا ئىگە ۋەزىپىسى ۋە تەلىپى ، بۇ رامكا ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ ، دەپ قارىدى.

ئىككىنچى ، تەجرىبىلەرنى ئۆگەندى. خوتەن ، خوبېي ئۆلكىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە خوتەن شاڭشى ئوبلاستىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق ، بىردەك ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ، ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە ، دەپ تونىدى. «ئىككى ئۆلكە» نىڭ تەجرىبىلىرى ناھايىتى مول ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ قويۇپ بەرمىگەن ، دەپ تونۇشتى. بىر تەرەپتىن ، پارتىيە مىللىي سىياسىتى تەشۋىق - تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ ، پۈتۈن ئۆلكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، مۇستەھكەم ئاساس سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتى-

سادىي تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ،
ئەمەلىي قەدەم ـ باسقۇچلار بىلەن، كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشكەن. ئۆلـ
كىلىك پارتىيە كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئاساسىي رەھبەرلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر
رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىپ، بىر قاتار سىياسەت خاراكتېرلىك
ھۆججەتلەرنى ماقۇللاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى تەرەققىيا-
تىغا ياردەم بېرىشتە، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ كۈچىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتې-
تى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، ھەر قايسى ساھەلەرمۇ ئۆز
مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان، مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە ئادەم، ئىقتىساد، ماددىي
ئەشيادىن ئىبارەت «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن»، شاڭشى ئوبلاستىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش
ئارقىلىق كۆپچىلىك ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن بىر نۇقتا — ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە مىللەتلەر ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا كۈچلۈك داغدۇغىلىق ستراتېگىيە-
لىك يۈكسەكلىكنى ساقلاپ، ئادەملەر ساپاسىنى نەزەردە تۇتۇپ، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ
ۋە تالانت ئىگىلىرى جەھەتتە كۈچ چىقارغان. ئۈمىد قۇرۇلۇشىدا چوڭ ئۈمىد بارىكەن. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكىدىكى مىللەتلەر خىزمىتى ساھەلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشنى، خىز-
مەت تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ياخشى
ئادا قىلىش، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولغان. ئىككىلا ئۆلكىنىڭ مىللەتلەر خىز-
مىتى ساھەلىرى ناھايىتى قابىل ـ كۈچلۈككەن. ئۇلار قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، تىرى-
شىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن يول
ئېچىپ، ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قابىل مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەم-
چىسىگە ئايلانغان.

ئۈچىنچى، ئۇسۇل ـ مېتودلار ئۆگىنىلدى. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد مەملىكىتىمىزدىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللەتلەر خىزمىتىدە ئوخ-
شاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈش، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى ئوتتۇرى-
غا قويدى. كۆپچىلىك، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش — ماركسىزمنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى
مېتودى، ئۇنىڭغا پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بارلىق ئىشلاردا ئەمەلىيەتنى
چىقىش نۇقتىسى قىلىشتەك ئىدىيىۋى لۇشيەنى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇ خىزمەت مېتودىلا بولۇپ قال-
ماستىن، ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى مېتوددۇر، ئۇ ھەم خىزمەت ئۇسۇلى، ھەم خىزمەت يۆنىلىشى،
خىزمەتلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا، خىزمەتلەرنىڭ قا-
راتمىلىقى بولۇپ، قارىغۇلۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قاراشتى.

تۆتىنچى، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇردى. خۇنەندىكى يولداشلار،
بىز ئىنتايىن بېسىم ھېس قىلىۋاتىمىز. بىر تەرەپتىن، خۇبېي ئۆلكىسى ۋە باشقا قېرىنداش ئۆل-
كە، رايونلاردىن ئۆگىنىپ، پەرقنى تاپساق، يەنە بىر تەرەپتىن، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەم-
لەپ، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىمىز، دېيىشتى. خۇبېيدىكى يولداشلار، بىز خۇنەندىن پۇختى-
لىق بىلەن ئۆگىنىپ، خىزمەتلەرنى ئالغا بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىمىز، دېدى. ئاپتونوم رايونلار-
دىن بارغان يولداشلار، «ئىككى ئۆلكە» دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى ئانچە كۆپ
بولمىسىمۇ، خىزمەتلەر ناھايىتى ياخشى ئىشلەنگەن، ئاپتونومىيىلىك جايلار «ئىككى ئۆلكە-

دىن ئۆگىنىپ، پەرقلەرنى تاپىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى. مىللىي رايونلار ئاپتونومىيە سىياسىيتى بىرگە ئېلىپ كەلگەن پايدىلىق شەرت - شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خىزمەتلەرنى ئالغان ئىلگىرىلىتىمىز، دېيىشتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يولداشلار شۇنى تولۇق چۈشەندىكى: مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتى ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەتكە يۈزلەندى، پارتىيە مەركىزىي ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر خىزمىتىنى نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق مۇھىتقا كىرگۈزۈپ، ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويدى. پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى 5 - ئومۇمىي يىغىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جايلار ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، رايونلار تەرەققىيات پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش فاكچېنىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى. «9 - بەش يىللىق» دىن باشلاپ، رايونلار پەرقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ قۇدرىتىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش لازىم. بىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە 18 يىللىق تەجرىبىمىز بار، بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە خۇنەن، خۇبېينىڭ يېڭى تەجرىبىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كۆڭ فەنسېن، سېرجاندەك بىر تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىنىڭ ئىلغار نەمۇنىچىلىرى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نىشانىدا چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىغا سادىق، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنىمىز بار، بىز خۇنەن، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكە - رايونلاردەك پارتىيە مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆز جايىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرسەكلا، مىللەتلەر خىزمىتى چوقۇم يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە پىلانغا كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى باغلاشتۇرۇش مۇھىتىدا تۇرماقتا. يۇقىرىغا قارىتا مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك قىلماقتا، توغرا لىنىيىلىك ئۈنۈۋېرسال ماسلاشتۇرۇشنى يولغا قويماقتا، تۆۋەنگە قارىتا ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ مۇلازىمەت قىلماقتا. خىزمەت ئىنتايىن جاپالىق، تۇرمۇشمۇ غورىگىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت شارائىتى ۋە خىزمەت تەدبىرلىرى بىر قەدەر ناچار. يولداشلارنىڭ قىيىنچىلىقنى رەھبەرلىك بىلىدۇ. يولداشلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشنى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ يىل ياخشى باشلاندى، قەدەمنى راۋۇرۇس ئېلىپ، يىغىننىڭ روھى بويىچە، بىر نەچچە يىلنى چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم!

مەن تۆۋەندە يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتەي:

1. بۇ قېتىمقى يىغىن ئەھۋالىنى ئۆز ئورنىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىشىمىز كېرەك. يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مۇھىم سۆزىنى نۇقتىلىق يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇنەن، خۇبېيدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە ۋە باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ۋە ئاساسىي قۇتقۇزۇش يولىنىمۇ دوكلات

قىلىشىمىز لازىم.

2. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى نىشان»، «ئىككى بۆرۈلۈش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا مىللەتلەر خىزمىتىدە «ئىككى سىستېما» بەرپا قىلىش، «ئۈچ قوشۇن قۇرۇش»، «بىر مۇھىت يارىتىش» تەلپىگە ئاساسەن، ئۆز ئورنىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى رامكىسى ۋە قۇتقۇزۇش يولىنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىشىمىز شەرت.

3. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئوتتۇرىغا قويغان تۇرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشقا ئاساسەن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆز جايىمىزنىڭ خىزمەت تۈرى ۋە ئۇسۇلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، تىزىس ۋە تەپسىلات تۈزۈپ، خىزمەتتە نىشانلىق ئوق ئېتىش لازىم.

4. خۇنەن، خۇبېينىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئۆگىنىش - يېتىشتۈرۈش پىلانىنى كۆتۈرۈپ چىقىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆز ئورنىمىزدىكى ئىلغار تىپلارنى بايقاپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈنلەپ، دائىرە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

5. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىق تۈزۈمى تەجرىبىلىرىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا خۇلاسىلەش، ھەر قايسى ساھە، ئىدارىلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، يەكۈنلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر خىزمىتى ساھەلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن گەۋدە ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي كۈچىنى ئۇلغايتىشىمىز لازىم. بۇ خىل خىزمەتلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقى ھەر قايسى خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش كېرەك. دۆلەت مىلللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ھەر قايسى جايلارنىڭ يېڭى روھنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ۋە تەجرىبىلىرىنى مۇۋاپىق شەكىل ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. يېڭى مەزگىلدە يولداشلار، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرغان ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئەھۋاللار كۆپىيىسگە قارىتا قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشتى، يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمىز، بۇندىن كېيىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تۈزەتمەكچىمىز.

يولداشلار، بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى يولداشلار بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، ئۇ يولداشلار يىغىننىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندىن سىرت، مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆپلىگەن قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئورۇنلىرىدىكى يولداشلار بىزگە يەنە نۇرغۇن ئەھۋاللار ۋە تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇردى. بىز ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

بىزنىڭ بۇ يىغىنىمىز خۇنەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە ماسلىشىشىغا ئېرىشتى، شاڭشى ئوبلاستى، جىشۇ شەھىرى، چېڭ خۇاڭ ناھىيىسى، يۇنشۇن ناھىيىسى، جياڭ جياجې شەھىرى ۋە تۆمۈر يول، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئاخبارات ـ تەشۋىقات ساھەلىرى، خۇنەن ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشىغا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈردى، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. مەن يەنە بىر قېتىم ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1995 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى

1995 - يىلى ، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ۋە 1995 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىمىزنى بىر قەدەر ياخشى ئادا قىلدۇق ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ، تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ، پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق .

1 . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يوليورۇقىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى 1995 - يىللىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلدۇق .

1994 - يىلى ، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىغا ۋە مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ، « ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى توغرىسىدا دوكلات » نى يېزىپ چىقىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدۇق . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 25 - سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنى بىز ئوتتۇرىغا قويغان « مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلات » نى پرىنسىپ جەھەتتىن تەستىقلىدى ھەم جىددىي تونۇشقا ئېگىشلىك ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە تۈرلۈك كونكرېت خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا دائىر ئىشلارنى تەشكىللىشىمىزنى تەستىقلىدى . 1995 - يىلى 1 - ئايدا ، كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى ( باشقارما ، ئىدارە باشلىقلىرى ) سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ۋە مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى ، جايلاردىكى مىللەتلەر

خىزمىتى تارماقلىرىدىن يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ چوڭقۇر ئىگىلەشنى، ئۆز جايىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى چارە ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندا بىز پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

2. «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن» دېگەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردۇق:

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھىم ۋەزىپىسى. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچ بولۇشىنى ۋە ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش تەربىيىسى، تەشۋىقات خىزمىتى ۋە جامائەت پىكرى توپلاش خىزمىتىنى ئىجابىي جەھەتتىن قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇردۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «13 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارە رەھبەرلىرى قاتناشقان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى» پائالىيىتى ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى» ناملىق سەرلەۋھىدە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، بىز تەييارلىق كۆرۈپ گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايوننىڭ مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىگە مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى ئاچتۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىنى يېزىپ چىقتۇق ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى تەييارلىدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پىلان بويىچە باسقۇچلۇق ھالدا پۇختا تەشكىللىدۇق. بىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە تىپلارنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ (1995) 12 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى نەمۇنە تىپلارغا قويۇلغان شەرتلەر بويىچە تاللاشتا چىڭ تۇردۇق، نەمۇنە تىپلارنى ئەستايىدىل تاللاش، تەكشۈرۈش، تەستىقلىتىش تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇردۇق، نەمۇنە تىپلارنى تاللاش پائالىيىتىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردۇق، نەمۇنە تىپلارنىڭ كەڭ دائىرىلىك خاراكتېرىگە، يۈزلىنىشچانلىق خاراكتېرىگە، يېتەكچى خاراكتېرىگە ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىـ

گە بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيە ۋە خاتا ئېغىشلارنىڭ توسالغۇسىدىن قەتئىي ساقلاندۇق. بىز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە تىپلارنى باھالاش ئەھۋالىنى تەكشۈردۇق ۋە باھالانغانلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدۇق. نەمۇنە تىپلارنى باھالاش - تاللاش جەريانى ئەمەلىيەتتە، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت ئاممىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش جەريانى بولدى، بۇ خىزمەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىنى تازا ئىلگىرى سۈردى. ئەستايىدىل باھالاپ تاللاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 300 نەمۇنە ئورۇن ۋە نەمۇنە شەخس تاللاپ چىقىلدى، بۇلار 14 مىللەت تەركىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، تەقدىرلەش يىغىنى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتۇق، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە، نەمۇنىچىلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەتتە كەڭ تەشۋىق قىلدۇق. تەقدىرلەش يىغىنى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىپ كەڭ تەسىر پەيدا قىلغاچقا، مۇۋەپپەقىيەتلىك يىغىن بولدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايون مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىشنى قارار قىلغانلىقى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. بىز يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش جەريانىدا، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان روھىمىزنى ۋە خىزمەت ئىستىلىمىزنى جارى قىلدۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتۇق، 23 نەپەر يولداش ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، بىر نەپەر يولداش خىزمەت كۆرسەتتى، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

3. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردۇق.

مۇقىملىقنى قوغداش — مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ يىل بىز ئاپتونوم رايون ئاچقان مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدىكى 3 يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتۇق، خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا، بىز مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى جانلىق بىرلەشتۈردۇق. بىز كومىتېتىمىزنىڭ بۇ يىللىق خىزمىتىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك ۋەزىپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، 3 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئايرىم

- ئايرىم هالدا جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭغا بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ (1995) 14 - نومۇرلۇق هۆججىتى روھىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى تەكشۈردۇق. پۈتۈن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىلىرىغا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزۈدىغان گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئىگىلەشكە يېتەكچىلىك قىلدۇق. يەنە ئالىي مەكتەپلەر، ناھىيە، يېزىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق. مۇقىملىقنى تۇتۇش خىزمىتىدە باشتىن - ئاخىر تەشەببۇسكارلىق ئورنىدا تۇردۇق.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى جەريانىدا، بىز «قارا چاي پاكىز ئەمەس» دېگەن ئېغۋانىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىغا تېز تارقالغانلىقى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن ئاممىنىڭ قارا چاي ئىچمەيۋاتقانلىقىنى، بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشنى چوڭايتىپ، مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتىگە ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، پارتىيە، هۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىدۇق. يولداش ۋاڭ لېچۈەن: «مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىش لازىم» دەپ يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز تولۇق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىڭتۈەن مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئاجراتقان 6 كىشىنى باشلاپ، خوتەن ئۇلكىسىدىكى قارا چاي ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا بېرىپ، نۇقتىلىق هالدا دۆلەت تەرىپىدىن قارا چاي ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنغان زاۋۇتلارنى تەكشۈردۇق ۋە زىيارەت قىلدۇق، ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنمىغان كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئىگىلىدۇق. خوتەن ئۇلكىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتىگە دوكلات قىلدۇق. ھەم پائال تەدبىر قوللىنىپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە ۋە شىنجاڭ گېزىتىدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قارا چاي سىياسىتىنى، شۇنىڭدەك «قارا چاي پاكىز ئەمەس» دېگەن سۆزنىڭ پۈتۈنلەي يالغان - ياۋداق سۆز ئىكەنلىكىنى، راست چاي بىلەن ساختا چاينى پەرق ئېتىش ئۇسۇلىنى تەشۋىق قىلىپ، ئېغۋانىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك هالدا توسىدۇق، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ جېدەل - ماجىرا پەيدا قىلىدىغان سۇيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق.

4. ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىلللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېرىشىپ ئىلگىرى سۈردۇق.

بىز، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتى-

سادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇق. ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزىتىشنى كۈچەيتتۇق، ئىقتىسادىي ئۇچۇر يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يىللىق پىلانى، ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىشتا ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدۇق. مالىيە نازارىتى، نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىدا يېڭى تۈزۈلمە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، يېڭى تۈزۈلمىلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىدۇق. ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە دائىر خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدۇق. 1995 - يىلى، بىز يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلىكتە، «ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى» بىلەن ئېلىپ بېرىلغان 10 قۇرۇلۇش تۈرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، 5 قۇرۇلۇش تۈرىگە بېرىلگەن 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق؛ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە، «كىيىنىش - تويۇنۇش فوندى مالىيە مەبلىغى» بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان 9 قۇرۇلۇش تۈرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، 5 قۇرۇلۇش تۈرىگە بېرىلگەن 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق؛ مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە، «يېڭىدىن قوشۇلغان تەرەققىيات مەبلىغى» بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان 23 قۇرۇلۇش تۈرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، 17 قۇرۇلۇش تۈرىگە بېرىلگەن 26 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق؛ «ئاز سانلىق مىللەت رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى» بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان 19 قۇرۇلۇش تۈرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، قوشۇمچە ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنىڭ كۆلىمىنى 13 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدۇق؛ مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە، 1994 - يىللىق «ئاز سانلىق مىللەت رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ئۆسۈملۈك قەرز پۇل» نىڭ 650 مىڭ يۈەن ئۆسۈم مەبلىغىنى ۋە قوشۇمچە ئۆسۈملۈك قۇرۇلۇش تۈرىدىن 19 نى تۆۋەنگە چۈشۈردۇق؛ مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە، «مىللىي سودىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ئۆسۈملۈك قەرز پۇل» نىڭ 180 مىڭ يۈەن ئۆسۈم مەبلىغىنى ۋە قوشۇمچە ئۆسۈملۈك قۇرۇلۇش تۈرىدىن 1 نى تۆۋەنگە چۈشۈردۇق. يۇقىرىدىكى پۇللارنى قوشقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزغا جەمئىي 36 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەلتۈردۇق، دېمەك بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ كەلتۈرگەن بىر يىل بولدى.

بىز پائال پۇرسەت ئىزدەپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق خىزمەتنى قانات يايدۇردۇق. ئاپتونوم رايون بويىچە 29 كارخانىنى تەشكىللەپ، «جۇڭگونىڭ 95 - يىللىق خەلقئارا تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى» گە قاتناشتۇردۇق. ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆرگەزمىگە قاتناش-

قان 9 كارخانىنىڭ 12 تۈرلۈك مەھسۇلاتى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى. كومىتېتىمىز بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن ئورۇن بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كومىتېتىمىز مىللىي سودا خىزمىتى ۋە مىللىيچە بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مىللىي سودىنى ۋە مىللىيچە بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەشكە دائىر تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر يىلدىن بۇيان، بىز نامراتلارنى يۆلەش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق.

5. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر مەدەنىيەت، تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى جامائەت پىكرى پەيدا قىلدۇق.

مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر تەشۋىقات خىزمىتىنى، بولۇپمۇ سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىق خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق. بىر يىلدىن بۇيان، بىز دۆلىتىمىز ئىچىدىن ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدۇق، جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى لەمتون، مالايشىيا ـ جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئوراجۇۋاڭ، جەنۇبىي ئافرىقا جۇڭگو مەسىلىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، ئاۋستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك كاتىپى، ھىندونېزىيىدىكى جۇڭگولۇق كارخانىچىلار زىيارەت ئۆمىكى، شاڭخەينىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە تەكشۈرۈش ئۆمىكى بولۇپ، جەمئىي 20 نەچچە تۈركۈم، 400 گە يېقىن كىشىنى كۈتۈۋالدۇق. بىز مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەرگە ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەنلەرگە قارىتا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئۇلارغا مىللىي سىياسىتىمىزنى، دىنىي سىياسىتىمىزنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. بىز ياپونىيە JC تېلېۋىزىيە چەكلىك ھەسسىدارلىق جەمئىيىتى، جۇڭگو رەسىملىك ژۇرنىلى نەشرىياتى، خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى نەشرىياتى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «خەلق گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى»، «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر»، «كەچكى قۇياش نۇرىغا چۆمگەن گۈزەل جايلار» ناملىق فىلىمنى ئىشلەش خىزمىتىگە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش جەھەتتە پائال خىزمەت ئىشلىدۇق.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر قاتار ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردۇق. مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە گۈزەل سەنئەت مەزمۇن قىلىنغان سىنئالغۇ فىلىملىرىنى باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇق. «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردۇق. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر خەتتاتلىق لۇغىتى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت كۆركى»، «جۇڭگودىكى ھەر قاي-

سى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قامۇسى»، «شىنجاڭ لۇغىتى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى قورال كىتابلارنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇق. «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى — مىللەت تەزكىرىسى»، «مىللەتلەر مەسىلىگە دائىر 5 خىل مەجمۇئە»نى تۈزۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدۇق. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇيغۇر، قازاق، شىبە مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن 119 خىل كىتابنى يىغىۋالدۇق، قازاق، مۇڭغۇل، قىرغىز، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن 9 كىتابنى رەتلەپ چىقتۇق، بۇ كىتابلارنىڭ خەت سانى تەخمىنەن 2 مىليون 900 مىڭغا يېتىدۇ. بۇ كىتابلاردىن ئىككى كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسىرىدىن 2 كىتابنى تەھرىرلەپ چىقتۇق. ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن 270 كىتابنى ۋە مۇڭغۇللارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن 234 كىتابنى تىزىملاپ، شۇ كىتابلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى ئىشلەپ چىقتۇق. مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تەرجىمە فىلىملىرىنى ئىشلىگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتۇق.

6. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردۇق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، سەھىيە تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

1995 ـ يىلى، بىز مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىششقا دائىر خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق خىزمەت قىلىپ ئىشلىدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، بىز ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تەييارلىق قىلىش، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردۇق. شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىدا 6 مۇسابىقە تۈرىگە، 2 ئويۇن كۆرسىتىش تۈرىگە قاتنىشىپ، جەمئىي 4 ئالتۇن مېدالغا، 3 بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 كۈمۈش مېدالغا، 8 مىس مېدالغا ئېرىشتى. بۇ قېتىم ئېرىشكەن ئومۇمىي مېداللىرىمىزنىڭ سانى 35 كە يېتىپ، 4 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىدىكىگە قارىغاندا 18 مېدال قوشۇلدى. مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلارنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردۇق.

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇردۇق، ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭلار مائارىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇق، مائارىپ كومىتېتى بى-

لەن بىرلىكتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم راسخوتىنى تەقسىم قىلىش، ئىشلىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. مائارىپ كومىتېتىغا ماسلىشىپ، 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياشلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى مەجبۇرىي مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇق. شىنجاڭ مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىغا ۋە مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتۇق.

7. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق.

«مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» نىڭ روھىغا ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىرلىشىپ تارقاتقان «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، ئىشلىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر» گە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتۇق. تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك 12 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ۋە دۆلەت ئورگانلىرىغا ئەۋەتىپ، ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا دائىر ئىشلارنى بېجىردۇق. تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئەۋەتىپ، ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى تولۇق يەكۈنلىدۇق.

دۇنيا ئاياللار يىغىنى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى مۇھاكىمە مۇنبىرىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ئاياللىرىنى قىسقا مۇددەت تەربىيىلەش كۇرسى خىزمىتىگە قاتناشتۇق. دۇنيا ئاياللىرى يىغىنى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، بېيجىڭ، جىلىن، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتتۇق.

8. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق.

ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېقىنقى مەزگىلدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۆزىنى بىر ئىتتىپاقلاشقان، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتالايدىغان، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغان، پاك، مۇستەھكەم ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقمىسا بولمايدۇ. بىز مۇشۇ تونۇش بىلەن ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، خىزمەت قىزغىنلىقىنى جارى قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردۇق.

بىر يىلدىن بۇيان، بىز مەلۇم كۈچ تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق ھەم ئىگىلىگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلدۇق، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىرىمىزگە ئەھمىيەت بەردى، ھازىر مىللەتلەر خىزمىتى بارغانسېرى پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پائال ياردەم بېرىشىگە ئېرىشمەكتە.

بىز، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە خىزمەت ئىستىلى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەردۇق، نەزەرىيە ئۆگىنىش، كەسپىنى ئۆزلەشتۈرۈش، توغرا كەيپىيات تىكلەش، ئەمەلىي ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدۇق ھەم ھۆكۈمەت خىزمىتىدە پاك بولۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق، شۇنداق قىلىپ پۈتۈن يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدۇق.

(بېشى 96 - بەتتە)

كۈچەيتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر، دىن خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئورگاننىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خىزمەت مەزمۇنىنى بېيىتىش، ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. مىللەتلەر، دىن خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، كەسپىنى پىششىق بىلىدىغان، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان يېڭى قىياپەتنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللەتلەر، دىن خىزمىتىنىڭ پۈتۈن يىللىق ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك.

# ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1996 - يىللىق خىزمەت پىلانى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1996 - يىللىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئومۇمىي تەلەپ شۇكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14- قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى، مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان دىنىي ئىشلار ئىدارىسى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، 9 - بەش يىللىق پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى شارائىت يارىتىش.

**1. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش**

1) ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى تەربىيىسىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. 14 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش لازىم. «تەربىيە ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان 14 يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، يېڭى تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. مىللەتلەرگە دائىر بىلىملەرنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا

چۈشىنىشىنى ۋە بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئالاقىدار تارماقلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى، جامائەت پىكرى تەييارلاش خىزمىتى ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دىنىي زاتلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك تەربىيە، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

2 ) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن، نەمۇنىچى شەخس بەرپا قىلىش ۋە تەقدىرلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ھەرقايسى جايلاردا ئىزچىللاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، جايلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھەر قايسى چوڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك.

3 ) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مۇقىملىق خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش لازىم. بىرىنچى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەتلەرنى باسقۇچقا بۆلۈپ، ئۆز ۋاقتىدا ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مىللەتلەر، دىن جەھەتتىكى «قىزىق نۇقتا»، «قىيىن نۇقتا» مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، يوشۇرۇن مۇقىمسىز ئامىللارنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىق ئورنىدا تۇرۇپ، مۇقىمسىز ئامىللارنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ۋە دىن ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۈچىنچى، سىياسىي - قانۇن، تەشۋىقات ۋە تاشقى ئىشلار تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرىدىغان خىزمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللەت، دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت ۋە جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. تۆتىنچى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە دىنغا ئائىت كىتابلارنى، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلارنى نەشر قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ھېسسىياتقا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، دىنغا ئائىت-قانۇنسىز كىتابلار ۋە قانۇنسىز ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

مىللەتكە، دىنغا دائىر ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇچۇر يەتكۈزۈش نۇقتىسىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بۇ يىل مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىدىكى ئۇچۇر خىزمىتى خادىملىرىنى بىر قېتىم تەربىيىلەپ چىقىپ، ئۇچۇر خىزمىتىنى تې-

خىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. « مىللەتلەر ، دىن خىزمىتى ئەھۋالى » ، « مىللەتلەر ، دىن ئۇچۇرلىرى » نى ياخشى ئىشلەپ ، رەھبەرلەرنى ئىلمىي ئاساستا سىياسەت بەلگىلەشتە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

**2 . « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر قانۇن قۇرۇلۇشى ۋە دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمىلەر قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىش**

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇش ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە بېيىتىش ئۈچۈن ، بۇ يىل ئىچىدە ، پىلانلىق ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تۆۋەنگە چۆكۈپ ، پۇختا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

« 2 بەش يىللىق پىلان » مەزگىلىدىكى قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە مىللەتلەر ، دىن توغرىسىدىكى قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ، « 3 بەش يىللىق » قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە « 3 بەش يىللىق پىلان » دىكى قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ يىل مىللەتلەر ، دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمىلەر توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە « 3 بەش يىللىق » پىلانىغا كىرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بىر قارار دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىدە ، دەۋر تەلىپىگە ماس كېلىدىغان « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ، تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن ، نەمۇنىچى شەخسلەرنى ۋە نەمۇنىچى ناھىيەلەرنى باشقۇرۇش چارىسى »نى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاش كېرەك.

مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ، سېتىش ، تىجارەت قىلىش ھالقىسىغا بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ، « ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى » نىڭ ئېلان قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

« ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى » گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ، « شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى » ، « مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى » نى يولغا قويۇش قائىدىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى » نى يولغا قويۇش قائىدىسىنى ۋە « ھەج خىزمىتى نىزامى » نىڭ ئېلان قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

مىللەتلەر ، دىن توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش

كېرەك .

**3 . سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش — بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مىللەتلەر ، دىن خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ، بۇنىڭدا بىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك ، كومىتېتلىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ تەدبىرلەرنى تۈزۈشتە ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەشنى خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىمىز .

1 ) ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ يۈرۈشلىشىشىنى كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك . ماكرولۇق ئىگىلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش سىستېمىسىنى ۋىلايەت ، ئوبلاستلارغىچە تەدرىجىي كېڭەيتىپ ، رايون بويىچە قاتلاملارغا ئايرىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم . ستاتىستىكىدىكى سانلىق مەلۇماتنى تەھلىل قىلىشنى ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ يۈرۈشلىشىشىنى كۆزىتىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن كۆرسەتكۈچلەرنى تاللاپ ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، چىقىم قىلىدىغان پۇلنى مالىيە ئارقىلىق يۆتكەپ بېرىش تۈزۈمىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك .

2 ) مەبلەغ باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ « ئىككى خىل مەبلەغ » (« كېيىنىش - تويۇنۇش فوندى » ۋە « يېڭىدىن قوشۇلغان تەرەققىيات مەبلىغى » ) بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرىنى باشقۇرۇش چارىسىنىڭ ئىلان قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش : « ئىككى خىل مەبلەغ » بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان « قۇرۇلۇش تۈرىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ ، ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە مالىيە تارماقلىرىدىكى قۇرۇلۇش تۈرىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى بىر قېتىم تەربىيىلەش ، ۋىلايەت ، ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئارخىپنا ساقلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ، « ئىككى خىل مەبلەغ » بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرىنى پىلانغا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مەخسۇس بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى مەسىلىسىدە ، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ ، مەبلەغنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك . نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق نامرات رايونلار ئۈچۈن مەبلەغ ، قۇرۇلۇش تۈرى كەلتۈرۈش . نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كەسپلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك .

3 ) مىللىي سودا ۋە مىللىيچە بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ

چىقىش كېرەك ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ، مىللىي سودا ۋە مىللىيچە بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش ، ... ئالاقىدار سىياسەتلەرنى جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك . قارا چايغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ ، قارا چاي ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون بىلەن ئىستېمال قىلىدىغان رايوننىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەڭشەش لازىم .

**ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ، مەدەنىيەت ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش**

ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىغا قاتنىشىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ ، مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە « ئۈچ خىل مائارىپقا بىر تۇتاش پۇل تەييارلاش » ، « ئۈچ خىل مەكتەپكە ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىش » ، « ئىككى خىل مائارىپقا يېتەكچىلىك قىلىش » قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ ، چوڭلار مائارىپىغا ، ئالىي تېخنىكۇم ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ؛ مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ، مائارىپقا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش ؛ ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە بىر قىسىم دەرسلەرنى خەنزۇچە تىلدا ئوقۇتۇشنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 1 - ، 2 - يىللىق سىنىپىدا خەنزۇچە تىل ئوقۇتۇشنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، خەنزۇچە تىل سەۋىيىسىنى سىناش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىش ؛ مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، « پروگراممىنى يولغا قويۇش » ۋە « 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش » خىزمىتىنى ئىشلەش كېرەك .

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ، « يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى » نى يولغا قويۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش ، مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېلېۋىزىيە فىلمى بويىچە « تۇلپار مۇكاپاتى » غا فىلىم تاللاش خىزمىتىنى ، 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان كىنو فىلىمى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كىنو فىلىمى بويىچە « ئەجدىھا مۇكاپاتى » غا فىلىم تاللاش ۋە كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئېسىل فىلىملەرنى ئىشلىگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىنى ئېچىش كېرەك . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش ، رەتلەش ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ، « بەش خىل مەجمۇئە » نى نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش لازىم . « شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ قۇت نىشانى » ، « شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسى » نى نەشر قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىنى ئورۇنداش ، « مىللەتلەر تەزكىرىسى » ، « دىن تەزكىرىسى »نى تۈزۈش ، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئورۇنداش ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان « 5 بىر » قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش كېرەك . ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ لايىھە-

سىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە تۈرلىرىنى قېزىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىبابەتچىلىك ، دورىگەرلىك خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىبابەتچىلىك ، دورىگەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ، سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ساپاسىنى تەكشۈرۈش لايىھىسىنى يولغا قويۇپ ، مىللەتكە ، دىنغا دائىر تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

5 . ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىشىپ تارقاتقان « ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ، ئىشلىتىش خىزمىتىنى يەنمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر » نىڭ روھىغا ئاساسەن ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا كەڭ ئارىلىشىپ ، تەشكىلات بۆلۈمى ، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ، تەربىيىلەش ، ئىشلىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ، ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەقسىم قىلىش ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردە ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش ، ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك.

6 . دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك ؛ دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش — يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى فاكتورى ، بۇ يېتەكچى فاكتورغا ئاساسەن ، بۇ يىل تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك :

1 ) يىل بېشىدا مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان دىنىي ئىشلار ئىدارىسى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل توغرا ئىجرا قىلىپ ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە قوغداپ ، دىنىي كەسىپ خادىملىرىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قانۇن بويىچە قوغداپ ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ ، دىنىي زاتلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

2 ) پۈتۈن شىنجاڭدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىز-

مىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. 1996 - يىلى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم بىر يىل. بىز مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىپ، قەدەمنى تېزلىتىپ، يۇقىرى ئۆلچەم ۋە يۇقىرى سۈپەت بىلەن بۇ خىزمەتنى پىلان بويىچە ئورۇندىشىمىز كېرەك.

3) دىنىي زاتلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنى زىيانلىق ئىشلارنى قىلماي، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. قۇرئاندىن تەپسىر قىلىشنىڭ مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى كىرىم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بېقىشقا يېتەكلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش كېرەك. دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، بىر قىسىم دىنىي زاتلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەش كېرەك.

4) دىنىي تەشكىلاتلارنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بەلگىلىمە دائىرىسىدە دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. دىنىي مەكتەپلەرگە ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى دىنىي تەلىم سىنىپلىرى (نۇقتىلىرى) غا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىگە ياردەم بېرىپ، 5 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنىي جەمئىيىتىگە ياردەم بېرىپ، 3 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىش كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىي زاتلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، تەربىيىلەش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلار ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان تۈرلۈك ئىشلارنى بېجىرىش كېرەك. ئىسلام دىنىي شۆيۈەنىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ ئىسلام دىنىي شۆيۈەنىنىڭ ۋە جايلاردىكى دىنىي تەلىم سىنىپلىرى (نۇقتىلىرى) نىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ۋە بۇددا دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسىپ خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىنى ۋە خىزمەت ئىشلەۋاتقان دىنىي كەسىپ خادىملىرىنى تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. خىرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك دىنىغا ياش دىنىي كەسىپ خادىملىرى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئىسلام دىنىدىكى بۇۋىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن بىر قارار كۇرس ئېچىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ، چەت ئەلدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەن خادىملارنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى تالىپلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، سىياسىي ئىپادىسى، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى باشقۇرۇش چارىسىنى يېزىپ چىقىش كېرەك.

5 ) ھەج خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەج خىزمىتى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى، يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەش، چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى تەربىيە بېرىش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چەت ئەلدە تۇرىدىغان مەزگىلدىكى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. ھەج قىلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن خادىملارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

6 ) خىرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. «3 نى بېكىتىش» خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككى دىن» نى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى پاسسىپ ئەھۋالنى تۈگىتىپ، «ئىككى دىن» نى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. غەيرىي دىنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يەر ئاستى پائالىيىتىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك.

**7 . «غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنى» غا تەييارلىق كۆرۈپ، يىغىننى ياخشى ئېچىش، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بۇ يىل 9 - ئايدا ئۆرۈمچىدە ئاچىدىغان «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتكە دائىر ستاتىستىكا مەلۇماتىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى» نىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە ياردەم بېرىش**

**8 . ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەمۇرىي خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش**

«ئىخچاملاش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، فۇنكسىيە چېگرىسىنى ئاجرىتىش، فۇنكسىيىنى تەقسىم قىلىش، ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنىدىغان ئاپاراتلارنىڭ ۋە خادىملار شتاتىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش لازىم.

ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۈپىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر، دىن خىزمىتى جەھەتتىكى ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، باشقارمىسى ۋە ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، «شىنجاڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى» پەسىللىك ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىش، ئۇنىڭ مىللەتلەر، دىن خىزمىتىگە سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان، كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىدىغان رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى

( ئاخىرى 88 - بەتتە )

ژۇرنىلىمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەستىقلىغان. ئىچكى
گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى ((X • J) 0177)